٥٥٧

قۇربان بارات

# يېشىل ھايات

(شېئىرلار توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى - 1981

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىدىن

يېشىل ھايات
(شېئىرلار توپلىمى)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1981 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·523
باھاسى: 0·39 يۈەن

## نەشرىياتتىن

يولداش قۇربان بارات 1946 - يىل 1 - ئايدا ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ رايونىدا دېخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئاغۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىۋىدە، 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ئاتۇش 1 - تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

قۇربان بارات 1962 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىر ۋە تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى، 1970 - يىل 3 - ئايدا كورلىدىكى شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىغا ئالمىشىپ بېرىپ، ئۇ يەردە 1980 - يىل 10 - ئايغا قەدەر نابور بولۇمىدە كوررېك-تور بولدى. 1980 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بولۇمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

قۇربان باراتنىڭ شېئىر مەشقى باشلانغۇچ مەكتەپ-نىڭ 2 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتىن تارتىپ باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1957 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنىغا كىرىپ كېلىشى 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ بېشىغا توغرا

كېلىدۇ. ياش شائىرنىڭ شۇندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر مەتبۇئاتتا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 9 باللادىسى، 4 پارچە داستانى ۋە بىرمۇنچە ئەدەبىي - نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

«يېشىل ھايات» ناملىق بۇ شېئىرلار توپلىمىغا ئاپتورنىڭ بىر قىسىم شېئىر، باللادا ۋە داستانى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار


كاككۇك ........................ 1
قىزىل بايراق ........................ 2
باھار ........................ 4
گۈزەل يېسلار ........................ 5
دوستلۇق ناخشىسى ........................ 7
پامىر يايلاقلىرىدا ........................ 9
ئايدىڭ كېچىدە ........................ 11
تومۇر يول بويىدا ........................ 13
ئۇستەڭ ناخشىسى ........................ 15
گۈلشەن قىز ........................ 20
ئوما سېكىلى ........................ 22
چىمەن دوپپا ........................ 25
پوچتالىيون ........................ 28
كەچكۈز لىرىكىسى ........................ 30

مالچى يىگىت ........................ 32

تۇققانلار ........................ 38

گۈل ۋە تاللار ........................ 39

ئىلى دەرياسى ........................ 41

يېشىل ھايات ........................ 43

كۆز دالاسى ........................ 46

جەمىلە ........................ 48

لەگلەك ........................ 51

دىخان ئاتا ........................ 53

سېنى كورۇپ ........................ 56

ۋەتەن توغرىلىق ناخشا ........................ 59

رەڭ ئالدى ........................ 61

ئەل مۇقاملىرى ........................ 63

سەھرا تەبىتى ........................ 65

گۈل چېچەك - گۈلگۈن چېچەك ........................ 68

تۈمەن دەرياسى بويىدا ........................ 71

سازەندە ........................ 73

تۇغۇلغان يېزام ........................ 76

مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم ........................ 78

گۈل يوپۇرماقلىرى ........................ 80

تۈن كېچە — دىلبەر كېچە ........................ 83

تاغ بۇلاقلىرى ........................ 85
ئىبا................................. 88
مەن كوئىنلۇندا......................... 90
شىنياڭ ئىشچىسىغا...................... 92
جىرىم دىخىنىغا......................... 95
تاغ - دەريالار ........................ 97
پەسىل قوشىغى......................... 99
يىللار توغرىلىق ناخشا.................. 100
ئاي قارايدۇ دەرىزىدىن .................. 102
ئادەت................................ 104
دالا مەشقى توغرىلىق ناخشا ............... 107
كېسىلگەن توغراق ...................... 112
دىۋانىنىڭ ھەيكىلى...................... 116
ئامىنە ............................... 119
دەريا شاقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا ............. 124
يىغا قوشىغى........................... 129
قىزنىڭ ئۆلۈمى......................... 133
ئويغىنىش............................. 139
ئۇمىت توغرىلىق ناخشا .................. 144
كوك يانتاق چىچەكلەپتۇ.................. 149
چىچەك جۇدۇنى ....................... 152

## داستان ۋە باللادىلار


گۇدۇك ............................................ 155

گۇلدۇرماما ........................................ 161

گۇرۇلدەيدۇ غالىپ بورانلار ........................ 166

يېڭى يوللاردا يېڭى سەھىپە ........................ 173

قىزىلگۇل ......................................... 184

# شېئىرلار

# كاككۇك

كاككۇكۇم، چىرايلىق كوكلەم مەۋسۇمى
يۇرتۇمنى سىغىنىپ كەپسەن يىراقتىن.
تەبىەت ياپ - يېشىل، نەپەس ئالىسەن —
گۇللەردىن ئۇرغۇغان شىرىن پۇراقتىن.

بوستانلار ئارىلاپ، باغلاردا سايراپ،
زىمىنگە تاشلايسەن مەپتۇن بىر نەزەر.
كوزۇڭگە چېلىقماي قالغاندۇ تايلىق،
قەدىمىي سايلىقلار، يانتاقلىق يەرلەر.

ھە، بۇگۇن يۇرتۇمدا ئۇزگىرىشلەر چوڭ،
ۋادىغا ئايلاندى قاغجىراق تاشلىق.
دېخانلار ئۇوم بولۇپ كوپىراتىپتا،
ئويغانغان دەشتلەردىن ئالماقتا ئاشلىق...

1956 - يىل ئىيۇل، ئاغۇ.

# قىزىل بايراق

قىپ - قىزىل رەڭ بېرىپ پايانسىز كوككە،
لەپىلدەر قولۇمدا بايرىغىم مېنىڭ.
ئەڭ گۈزەل نۇر تامار ئۇنىڭ هوسنىدىن،
كورسەن ئەكسىنى مەرتلەر قېنىنىڭ.
شۇ بايراق ئازاتلىق سەپەرلىرىدە،
مىليون دىللارنىڭ تارتقان زوقىنى.
قەدىمىي بېيجىڭدا،
شۇ بايراق بىلەن
ياڭرىغان ياشلارنىڭ ئەرك چۇقىنى:

"قوزغال!

قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار"
مارشىنى ياڭرىتىپ قوزغالدى ياشلار.
"بۇ مۇدهىش هاياتتىن نە كېرەك بىزگە،
كۇرەش قىل،
زۇلمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلا!"
يېپىلىپ ئۇلارغا تۇن قوزغۇنلىرى،
تىترەك ئەجەللەر توستى يولىدىن.



دەريادك ئاقتى قان،
ئەمما چۇشمىدى
بۇ يېڭىش بايرىغى ئۇلار قولىدىن...

× ×

قۇربانلار قېنىدا بويالغان بايراق
قىزىل تاڭ كوكسىدە پارلايدۇ مانا.
يەتكۇزدۇق كۇرەشتە تاڭلارغا ئۇنى،
ئەبەتكە ۋارىسلىق قىلىمىز يانا.

1957 - يىل ئاپرېل، ئاتۇش.

## باھار

ئېخ، باھار!

ئېخ، باھار! پەسىل ئەركىسى،
دىللارغا شىرىن زوق بەخش ئېتىسەن.
تەبىئەت ھوسنىگە ھوسۇنلەر قوشۇپ،
دۇنيانى چىرايلىق ياساپ ئۆتىسەن.

ئېدىر ۋە قىرلاردا چېچەك ئۈندۈرۈپ،
غۇقۇراپ ئۇچىدۇ ئىللىق شامماللار.
بەرگىدە شىلدىرلاپ كۈمۈش يوپۇرماق،
قۇياشقا ئەركىلەر نوتىلار - تاللار.

زېھنىڭنى ئاچىدۇ تىنىق ئاسماننىڭ
نۇر بىلەن تاۋلىنىپ پاقىراشلىرى...
يېزىنىڭ چېتىدىن ئاڭلىنار كۈن - تۈن،
ئۆستەڭ - دەريانىڭ شاقىراشلىرى.
دېخانلار دالىدا...

قاينايدۇ تېرىم
ئەمگەك ناخشىلىرى كوڭۇللۇك ياڭراپ.
ئاشقتەك تەلپۈنىدۇم ئېتىزلار تامان،
يىراقتىن تىراكتور ئۈنىنى ئاڭلاپ.

1959 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



## گۈزەل مايسىلار

غەرپتە قاتمۇ - قات تاغلار كەينىگە،
گۈزەل نۇر دېڭىزى شۇڭغۇپ ئاقىدۇ.
ئالتۇن رەڭ بۇلۇتلار ئەگىشىپ ئاستا،
مايسىزار دالىغا كۈلۈپ باقىدۇ.

دالىنى سىپىلاپ سەھەر شامىلى
مايسىلار ئۈستىدىن يەلپۈپ ئۆتىدۇ.
كەل مانا باغرىمغا دېگەندەك قىلىپ،
مايسىلار ئەركىلەپ مېنى كۈتىدۇ.

زوقلىنىش شاتلىغى دىلىمنى چۇلغاپ،
مانا مەن دالىنى تويلاپ كېلىمەن.
مەرۋايىت تەرىمنى توكمەكچى بولۇپ،
كۈمۈش ئېرىقلارنى بويلاپ كېلىمەن.

تېرەمگە سىغمايمەن، شوخ شىلدىرلاشلار
ئىلھامىم تارىنى چېكىپ ئۆتكەندە.
شاتلانماي قانداقمۇ چىدىسۇن يۈرەك،
مايسىلار "ئىشلە" دەپ مېنى كۈتكەندە.

ئۇپۇقتا تۇتاشقان بۇغداي دېڭىزى،
مىسلىسىز ھوسۇلدىن بېرىدۇ دېرەك.
مايسىلار پىچىرلار: تەييارلان يىگىت،
تەييارلان بىز ئۈچۈن ئوغىنىڭ كېرەك!...

تەييارمەن، سېغىنغان دىلنى كۆلدۈرۈپ،
باغرىڭدا غولاچلار ئاتىقوم كېلىدۇ.
كۆمۈشتەك پارقىراق ئايدىڭ كېچىدە،
باغرىڭدا قوشاقلار قاتقوم كېلىدۇ:

"ئىشلەيمەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ..."
ئېيتتىم بۇ ناخشامنى تۇنجى تويۇڭغا.
مەن مېھنەت ئوغلانى مەپتۇن بولىمەن،
توقچىلىق ياغدۇرۇپ تۇرغان بويۇڭغا.

1959 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.



## دوستلۇق ناخشىسى

ئاسماندا پارلىدى تۇنجى يۇلتۇزلار،
كېچىنى كۈتمەكتە چەكسىز باياۋان.
ئۇپۇقتا يېيىلغان يېڭى ئېتىزلار
ئۇملۇكسىك كۈچىنى قىلىدۇ ئايان.

بىر كۈنلۈك قايناق جەڭ ئاياقلاشتى - دە،
يىگىتلەر بىر - بىرلەپ قايتىشتى ئىشتىن.
ئېتىزدا جىم بولدى تىراكتورلىرى،
توختىشىپ كۈن بويى گۈرۈلدىشىدىن.

باياۋان باغرىدا بىرلا تىراكتور،
دولقۇنلۇق نەپەستىن توختىماس لېكىن.
سەھراغا جان بېرىپ گۈرۈلدەر موتور،
(كېچىچە يەر ئېچىپ چىقىشى مۇمكىن!)

ئىككى تۈز نۇر يولى ئالغا سوزۇلغان،
ئارقىدا تۇپراقنىڭ قارامتۇل ئىزى.
ئۈستىدە ئىككى دوست ئولتۇرۇۋالغان،
چاقنايدۇ كوكسىدە كۈمۈش يۇلتۇزى.

ئايرىلماس دوستلار ئۇ،
شۇنچە قەدىردان،

بىر يىگىت شەھەردىن،
يېزىدىن بىرسى.
ئىككىسى بىر خىلدا كىيىشكەن بادام،
دىللاردا قايىنايدۇ مېھنەت ھەۋەسى.

1959 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



## پامىر يايلاقلىرىدا

بۇلۇتقا باش قويۇپ ياتىدۇ پامىر
باغرىدا كوز يەتمەس چىمەن يايلاقلار.
ياپ - يېشىل جىلغا ۋە ئورمانلىرىدىن
شىرقىراپ ئاقىدۇ كۈمۈش بۇلاقلار.

شۇنچىلىك بىپايان، شۇنچىلىك گۈزەل،
چارۋىلار ئۈزىناقلاپ يايلىغان ۋادا.
ھەر تاغدا چوپاننىڭ قومۇش نېيىدە،
گۈزەللىك كۈيىگە سايرىغان ۋادا.

شەھەرلىك ياش يىگىت ئاتنىڭ ئۈستىدە
پايانسىز يايلاققا كۈلۈپ باقىدۇ.
شۇ ئانا دىيارغا —
يېڭى يۇرتىغا،
قەلبىدىن دەريادەك مېھرى ئاقىدۇ.

يىراق تاغ - يايلاقتا بولسىمۇ يىگىت،
يەنى ئۇز شەھرىدىن شۇنچە يىراقتا؛

يالقۇندەك تاۋلىنىپ ئوتلۇق قەلبىدە،
ئەڭ گۈزەل ئارزۇلار يانار شۇ تاپتا:

"ئېخ، گۈزەل يايلاقلار،
سۆيۈملۈك ئۆلكە!...
مېھرىڭدىن ئالەمچە غەيرەت ئالىمەن.
ھەر كۈنى كوكسۇڭگە گۈل - چېچەك تاقاپ،
ھوسنۇڭنى مەڭگۈگە سۆيۈپ قالىمەن!"

1959 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



## ئايدىڭ كېچىدە

گۈزەللىك باغرىدا يايرايدۇ كېچە،
يۇلتۇزلار ئاسمىنى گويا بىر دېڭىز.
يېقىملىق شامالنىڭ ئەللەيلىشىدە
ئۈگدەپ ياتىدۇ پايانسىز ئېڭىز.

كېچىنىڭ سالقىنى يىپەكتەك يۇمشاق،
يۇزۇڭنى سىپايدۇ، ئاھ قانداق ھوزۇر!
چوققىلار كەينىدىن كوتىرىلىپ ئاي،
بۇغدايزار ئۈستىنى ياپتى كۆمۈش نۇر.

قىر بويلاپ كېلىشتى بىر توپ يىگىتلەر،
قولىدا ئوغىقى، پارقىرار بىسى.
يەڭلىرى تۈرۈلگەن، ھەر ئىشقا تەييار،
دىلىدا ئەمگەكنىڭ قايناق ھەۋىسى.

— چۈشەيلۇق يىگىتلەر! — دېدى باشلىقى،
تاڭغىچە نالاي يەر تۇگەيدۇ تېزدىن.
ئەمگەكنىڭ شۇ كوركەم قىزىل بايرىغى
كەتمىسۇن ھەرگىزمۇ گۈرۈپپىمىزدىن!

ئۇغاقلار شارتىلداپ قىزىپ كەتتى ئىش،
يىگىتلەر سول يېرىپ كەتتى يىراقلاپ.
«لەيلى گۇل» ناخشىسى باشلىنىپ بىردىن،
بۇغدايزار ئارىلاپ كەتتى ئۇزاقلاپ...

1959 - يىل ئاۋغۇست، ئۇرۇمچى.



## تومۇريول بويىدا

ئۇيقۇلۇق كوزىنى ئاچماقتا ئاستا
بۇلاقنىڭ سۇيىدەك سۈپ - سۈزۈك ئاسمان.
ئاخىرقى يۇلتۇزلار پىلىلدار كوكتە،
ئۇپۇقنىڭ لېۋىنى قىزىللىق باسقان.

سەھەر سالقىنىدا دالا تەرەپتىن
گۇللەرنىڭ پۇرىقى ئۇردى دىماققا.
شۇ پەيتتە ياڭرىدى تومۇريول بويلاپ —
ئەمگەكنىڭ ناخشىسى، كەتتى يىراققا.

تورغايلار سايرىشىپ قىر بويلىرىدا،
كۈيلەشتى دالانى، گۈلشەن ئۆيىنى.
قاراياغاچ شېخىدا ئەنە بىر تورغاي
ھەيران بوپ باشلىدى شاتلىق كۈيىنى:

"يېڭىچە ياشنىتىپ سەھەر پەيزىنى،
كىملەر بۇ، مېنىڭدىن بۇرۇن تۇرۇشقان؟
كىملەر بۇ چاقماقتەك ئېتىلىپ ھەر يان،
چوللەرگە ھەيۋەتلىك يوللار قۇرۇشقان؟"

ئانچىلىك تاڭ قالما دالا كۆيچىسى،
كۆزلۈگى كەم ئىكەن بىلىۋالسەن.
پويىزلار گۈدۈگى ياڭرىغان چاغدا،
ئاشىق بوپ بۇ يەردە مەڭگۈ قالسەن.

1959 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.



## ئۆستەڭ ناخشىسى

سوزۇلۇپ ياتىدۇ بىپايان دالا،
ئۇپۇقنىڭ گىرۋىگىگە باغرىنى ياققان.
قار باسقان تاغلاردىن يول ئالغان سۇلار،
ئۇنىڭ باغرىدا ئۆركەشلەپ ئاققان.

سوزۇلغان تاش ئۆستەڭ، بولغان راۋان يول،
دالانىڭ يۈگەنسىز ئېقىنلىرىغا.
چۆمۈلگەن بۇ دالا تاغ سۇلىرىنىڭ
ئۆستەڭدىن ئۆرغۇغان سالقىنلىرىغا.

كۆمۈشتەك پارقىراپ ئۆستەڭدىكى سۇ
چاپىدۇ پايانسىز ۋادىنى بويلاپ.
شاقىراپ يول بويى ئېيتىدۇ ناخشا،
دولقۇنلاپ، شوخلىنىپ، ئېقىپ ئويناقلاپ.

تەبىئەت ھوكمىنى بۇزۇپ شۇ ناخشا،
قىلماقتا دالانىڭ تەقدىرىنى ھەل.
ئۆتمۈشنىڭ چىرايى كەلدى ئالدىمغا،
پىشقەدەم بىر دىخان سۆزلىگەن مەھەل...

بىر چاغلار بىز ئۈچۈن تىلسىمات بولۇپ،
ۋەھىملىك جىمىلىقتا چوككەن بۇ قاقاس.
تەشنالىق دەستىدىن ئۈسمەيتتى مايسا،
بورىلەر پادىسى سالاتتى قىقاس.

شۇ دالا تىرنىغى قانچە دىللارغا،
قايغۇدىن - ئەلەمدىن ئىز سىلىپ ئۆتكەن.
قانچىلار چاڭقاقلىق دەردىدىن ھوشسىز،
بورىلەر توپىغا يەم بولۇپ كەتكەن.

نە مۇندا ئاقىدۇ ھايات سۇلىرى،
نە بەزەن بولۇتتىن تامچىلايدۇ ياش؟!
ئەتراپنى كويدۇرۇپ پۈركەپ تۈتەككە،
يالقۇنلۇق نۇرىنى چاچىدۇ قۇياش!...

سولاتتى ئاز ئۈتمەي، ئۈيلىساك بىر چاغ،
باھاردا بوي تارتقان نازۇك چىچەكلەر.
بىزنىمۇ سارغايتقان شۇ مايسىلاردەك،
ھاياتقا يامىشىپ ھەشقىپىچەكلەر.

سەھەردە ئويغىنىپ چولگە ماڭاتتىم،
بايلارنىڭ مىلىنى باقاتتىم ھامان.
پادىچى كۈننى سالغان بىشىمغا،
بىر بۇردا نان ئۈچۈن شۇ ئىغىر زامان.



باراتتى مەن بىلەن مەرھۇم داداممۇ،
چىچىغا ئۆمۈرنىڭ قىروسى چۈشكەن.
(كوزۇمدىن كەتمەيدۇ تا شۇ كەمگىچە
ئۈستىدە يىرتىق تون، رەڭگى بەك ئۆچكەن).

ئاچلىقتىن قىينىلىپ پادا باقاتتۇق،
كويۇپ تومۇزدا، يىپزىلار يىراق،
ھاياتقا ئۈمىتتە باقسىمۇ دادام،
كۈنسىرى ئاجىزلاپ باراتتى بىراق.

روزنىڭ بىر كۈنى شۇ ئاي دالادا،
تۇيۇقسىز كەتتى ئۇ ئەجەل قوينىغا.
"جان دادا قاياققا، ئوغلۇڭنى تاشلاپ؟..."
ھوكرەپ ئىسىلدىم ئۇنىڭ بوينىغا.
..............

ئازاپلار ئىلكىدە داداملا ئەمەس،
قانچىلار ئاشۇنداق ئولمىگەنمىدى؟
ئەلەمدىن بوغۇلۇپ پەريات ئەيلىسەك
غوجاملار زاڭلىق قىپ كۇلمىگەنمىدى!؟

× ×

ئۇلۇغۋار گۇرۇلدەپ ئۈستەك ناخشىسى
يىراق - يىراقلارغا قانات قاقىدۇ.

دالانى ئۇيغاتقان سادالىرىغا،
جوتۇلار جاراڭلاپ ئاۋاز قاتىدۇ.

ئەمگەك قايىنىمىدىن بىرئاز يىراقتا،
تۇرىمىز ھەۋەستە تىڭشىلىپ ئاڭا.
ياشانغان ئەمگەكچى ئەخمەتجان ئاكا،
دالا تەقدىرىنى سوزلەيدۇ ماڭا...

× ×

ھە، ئۇكا!
خوشاللىق سىغماي دىللارغا،
يۈرەكتە ئويناىدۇ ئوتلۇق ھاياجان!...
تەقدىرمۇ ئوزگەرگەن، بىر ئومۇر بويى —
بۇنداق زور ئىشلارنى كورگەنتۇق قاچان!؟

...............

چولگە سۇ چىقىرىش سوزى بولغاندا،
شاتلىقتىن بوۋايلار كوزىنى ياشلىدى.
ئىلھام ۋە غەيرەتكە تولۇپ ئەزالار،
دالاغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى.

كوردىڭىز، بۇ چولدە بولدى ئويغىنىش،
ئۇنىڭدىن زور ئۇمىت كۇتمەكتە ھەر كىم.
بۇگۈن بىز سوزلەشكەن مۇشۇ دالاغا،
كېلەر يىل كورگىلى كېلەرسىز بەلكىم.



ئۇ چاغدا...
دالاغا دەريا سۇلىرى
ئۇستەڭ - ئوستەڭلەردە تولۇپ ئاقىدۇ.
ئاق ئالتۇن گۇللىرى ۋادىنى بويلاپ،
ئېتىزنى ياپ - يېشىل مايسا ياپىدۇ.

ھاياتنىڭ جۇشقۇنلۇق ئىلھاملىرىدىن،
پايانسىز ۋادىدا ياسايمىز گۇلشەن.
ئەنە، ئالدىمىزدا پارلاق كەلگۇسى
قۇياشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ روشەن.

1959 - يىل نويابىر، ئۇرۇمچى.

## گۈلشەن قىز

ئايدىڭغا كومۇلگەن دالا ئاخشىمى،
پايانسىز ئېتىزلار كورۇنەر روشەن.
ئاي نۇرى ئويىنغان ئېرىقلار بويلاپ،
ئېتىزغا سۇ باشلاپ كېلىدۇ گۈلشەن.

ئومىلۇكتىن نۇرلانغان قەلبىدە ئۇنىڭ
شات ئەمگەك ھىسلىرى قانات قاقىدۇ.
يېڭى ئېرىقلاردا شىرقىراپ ئاققان
سۇ بىلەن قوشۇلۇپ مېھرى ئاقىدۇ.

شۇ مېھىر كۈچ بېرىپ سانسىز يىلتىزغا،
قوينى كەڭ تۇپراقتىن ئالىدۇ بايلىق.
شۇ مېھىر قۇدرىتى يارىتار شۇنچە،
خامان - خامانلارغا سىغمىغان ئاشلىق.

سۇزۇلدى گۈزەل تاڭ:
سۇغا قانماقتا
ياپ - يېشىل ۋادىلار، پايانسىز ئېتىز.



دىلىدا ھاياجان، لېۋىدە كۈلكە،
مول ھوسۇل ئىشقىدا ئىشلەر گۈلشەن قىز.

ئانار رەڭ مەگزىدەك رەڭ ئالدى ئۇپۇق،
جىرالار، تاغلارغا سىڭىپ كەتتى تۈن.
كورۇشكە يېزىنىڭ داڭلىق قىزىنى،
چوققىلار كەينىدىن چاچراپ چىقتى كۈن!

1960 - يىل ئىيۇن، ئاغۇ.

# ئوما سېكىلى

## دالىدا

دولقۇنلايدۇ كوز يەتكۈسىز بۇغدايزار،
ئاي نۇرىدا يالتىرايدۇ يىراقلار.
باشاقلارنى سۆيۈپ ئوتكەن شامالدا،
ئۇچۇپ كېلەر ئەجەپ ئىللىق پۇراقلار.

هوزۇرلىنىپ گۈزەل كېچە پەيزىدىن،
كوكرەك كېرىپ قىرلار ئارا ماڭغاندىم؛
چەكسىز-كەڭرى ئېتىزلارغا يەتكەندە،
يوشۇرماستىن ئېيتىش كېرەك، تاڭ قالدىم:

شارتىلدىغان ئوغاقلارغا تەڭكەش بوپ،
ناخشا-كۈلكە سادالىرى ياڭرايدۇ.
بەس-بەس بىلەن سول ياردۇ يىگىتلەر،
چىۋەر قىزلار ئۇنچە توشۇپ قالمايدۇ.

## قۇياش

قۇياش چىقتى قاتار تاغلار كەينىدىن،
ئېتىزلارغا ئالتۇن نۇرى قۇيۇلدى.



گويا ماڭا كېچىككىنىنى سېزىپ ئۇ،
خىجالەتتىن قىزارغاندەك تۇيۇلدى.

## كومبايىن

بۇغدايزاردا كومبايىنلار گۈرۈلدەپ،
يېرىپ بارار كەڭ ئېتىزنىڭ كوكسىنى.
تازىلانغان ئالتۇن دانلار پارقىراپ،
كۆن نۇرىدا كوز-كوز قىلار هوسنىنى.

پەيزى،— دىدى يېنىمدىكى بىر يىگىت،—
قانداق ياخشى زامانىنىڭ گاڭ يورغىسى.
دالىمىزنى ياڭراتقان بۇ زور نەرسە،
ئىشچىلارنىڭ يېزىمىزغا سوغىسى.

## كەچكى شەپەق

چارچاپ قۇياش يېتىپ كەتتى غەرپكە،
چۈشتى كەچنىڭ راهەتبەخش سالقىنى.
ئالتۇن جىيەك تۇتۇپ تىنىق ئۇپۇققا،
چىراي ئاچتى گۈزەل شەپەق يالقۇنى.

ئىشتىن چۈشۈپ قاراپ ماڭدۇق يېزىغا،
چاخچاقلىشىپ چەكسىز شاتلىق ئىلكىدە.

يۈزلىرىمىز شەپەقسىمان قىزارغان،
لەۋلىرىمىز تىنىم تاپماس كۈلكىدە.

ۋۇجۇدۇمدا بىر روھلىنىش سېزىمەن،
گويا شەپەق قەلبىمدىمۇ يانغاندەك.
بىر كۈن ئىشلەپ چارچاش دېگەن قەيەردە،
ئەمەسمەنغۇ ئۇمىغا ھېچ قانغاندەك.

ئىش كۈتىدۇ تېخى ئايدىڭ كېچىلەر،
زوقۇم بىلەن ئوغاق سېلىپ قاينايمەن.
باشلانماقتا قىزغىن ئوما چاغلىرى،
دوستلار بىلەن بەس-بەسلىشىپ قالمايمەن.

1960-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.



# چىمەن دوپپا

ئانا ھەيران خېلىدىن بېرى،
قۇندۇز چاچلىق ئوماق قىزىغا.
"ئۆزگىرىشىنىڭ نېمىكەن سىرى
كىم كەلگەندۇ بىزنىڭ يېزىغا؟"

تاڭ پورىگى ئاچقاندا غۇنچە،
باغدا كورەر قىزى لەيلىنى.
دوپپا تىكىش ئىلگىرى مۇنچە
تارتمايتتىغۇ ئۇنىڭ مەيلىنى؟

كىچىك يىڭنە، رەڭمۇ-رەڭ يىپەك،
ئاق خەسىگە ياسايدۇ نەقىش.
چىمەن دوپپا... كىمگىدۇ دىمەك
پات ئارىدا بولغۇسى بەخش.

........

ئويلار ئانا: ئۇ بەختى بار كىم؟
(ئانا قەلبى ھەممىدىن زىرەك).
ياخشى يىگىت كۈيوغۇل بەلكىم،
ئانا ئۇنى بىلىشى كېرەك.

سوئاللىرى قالار جاۋاپسىز،
كۆلۈپ يەرگە قارايدۇ قىزى.
گۈل تىكىدۇ بەزەن ئۈيقۇسىز،
كوز ئاچقىچە چولپان يۇلتۇزى.

دوپپا پۈتتى، قۇندۇز چاچلىق قىز
ئۇنى ياغلىق قېتىغا ئالدى.
كورۇپ تەكچىدە دوپپىنى ئانا،
كوز ئۈزەلمەي قاراپلا قالدى.

ئۇ دوپپىدا گۈزەل سەنئەتنىڭ
ئەجەپ نەپىس يەلپۈنۈشى بار.
ئۇ دوپپىدا پاك مۇھەببەتنىڭ
ئىنتىزارى — تەلپۈنۈشى بار.

چىدالمىدى ئانا ئاخىرى،
قىز تۈيغۇسى بولغاندا ئايان.
— جېنىم قىزىم، كەلگىنە بېرى،
يۈرەك سىرىڭ ئەيلىگىن بايان.
..............
كۆلۈمسىرەپ بۇ ئۇياتچان قىز،
قول تاشلىدى ئانا بوينىغا.
شەپەقسىمان رەڭ ئالدى يۈزى،
ئانا ئالدى ئۇنى قوينىغا.



"جېنىم ئانا، ئاڭلىدىڭمۇ سەن،
غەرپكە قاراپ كەلمەكتە پويىز.
پات يېقىندا تەنتەنە بىلەن،
ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلەر تېز.

تومۇريولدا ياخشى ئىشلەپتۇ،
يېزىمىزدىن كەتكەن يىگىتلەر.
نەمۇنىچى، زەربىدار بوپتۇ،
تاغنى تالقان ئەتكەن يىگىتلەر

ئەگتۇش قىزلار تەشكىللىنىپ بىز،
ھال سوراشقا قىلىشتۇق قارار.
سوغا-سالام: ئۈرۈك ۋە مېغىز...
مېنىڭ چىمەن دوپپامۇ بارار.

قايتىپ كەلدى يىگىتلىرىمىز
شەرەپ گۈلى تاقاپ كوكسىگە.
جېنىم ئانا، شۇ چىمەن دوپپام،
ياراشامدۇ باتۇر ھوسنىگە!"

1960-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## پوچتالىيون

گۈلدۈرماما دەھشەت سالىدۇ،
ئالتۇن خەنجەر ئۇرۇپ پەلەككە.
چوڭ يول بىلەن يېزىغا قاراپ،
پوچتالىيون كەلمەكتە يەككە.

مىنۇتسېرى ئالدىرايدۇ ئۇ،
يامغۇر بىلەن تېزلىك تالىشىپ.
ئاخىر يامغۇر ئاستىدا قالدى،
زاراڭـزىلىق ئېدىردىن ئېشىپ.

چاپىنىنى يەشتى ئۇ دەررۇ،
سومكىسىنى ئوردى چاققان.
مەجنۇنتالغا ئوخشاپ قالدى ئۇ،
يامغۇر سۈيى تامچىلاپ ئاققان.

يۈز-كوزىگە ئۇرۇلار يامغۇر،
ساۋىغاندەك ئېپەك قامچىلار.
پېپىشتۇرۇپ بۇدرە چېچىنى،
ئېقىپ چۈشەر يىرىك تامچىلار.



پوچتالىيون كـۈلۈمسىرەيدۇ،
دۇنيا گۈزەل، تەبىئەت گۈزەل.
سومكىسىغا باقىدۇ مەمنۇن،
خەتنىڭ قۇرۇق قالغىنى ئەۋزەل.

خەتلىرى بار چۈنكى سومكىدا
يېزىدىكى مەرتلەر ئەھلىنىڭ.
سالامى بار دىخان ئاتىغا
ئوقۇۋاتقان ئەزىز ئوغلىنىڭ.

ئېتىز گۈلى — ئالما يۈز قىزلار
خەت كۈتىدۇ ئىشچى يارىدىن.
ئۇ خەتلەردە ئوتلۇق سېغىنىش
نەقىشلەنگەن يۈرەك تارىدىن.

خەتلەر قۇرۇق قالسا يامغۇردىن
دەرمان بولۇپ بارىدۇ دەرتكە.
يىگىت خوشال،
مەغرۇرلۇق بىلەن
كوز قىسىدۇ بۇلۇتلۇق كوككە.

1961 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## كەچكۈز لىرىكىسى

سۈيۈملۈك يۇرتىمىزغا كەچكۈز كەلدى،
شۇدىگەر ئېتىزلاردا ياتار داڭگال.
پايانسىز ئېكىنزارلار بوشاپ قالدى،
ئالتۇن رەڭ بولۇپ قالدى يېشىل جاڭگال.

قورۇلۇپ قالدى باغدا گۈل - چىچەكلەر،
كېپىنەك ئېتىلمايدۇ پۇراقلارغا.
قالىغاچ پىشايۋانغا ئۇگا سالماس،
تورنىلار ئۇچۇپ كېتەر يىراقلارغا.

ئىغاڭلاپ سوغ شامالدا مەجنۇن تاللار
يوپۇرماق تاشلىشىدۇ بۇلاقلارغا.
ئانىلار ئەللەي ئېيتىپ كېچىلەردە،
يېڭىدىن پوسما تىكەر بوۋاقلارغا.

كوچىدا تۇرۇپ قالدىم يارىم بىلەن،
بىر نەپەس يەلكىسىگە تىرەپ يەلكە.
ئۇنىڭ شوخ كوزلىرىدەك ياندى چولپان،
گۈزەل تاڭ سۈبھىسىدىن بېرىپ بەلگە.



× ×

خەير! دەپ يارىم كەتتى پاختىزارغا،
ئاداققى ھوزىلارنى ئاتقۇزغىلى.
مەن ماڭدىم كەتمىنىمنى ئوينىقلىتىپ،
دالاغا سۇ قويۇپ
تۇك ياتقۇزغىلى.

× ×

ئېخ ھايات!
ھاياتىمىز قانداق گۈزەل،
كەچكۈز ھەم ئەمگەك زوقى ئېتەر بەخش.
كەچكۈزنىڭ ئارقىسىدىن قىش كېلىدۇ،
دەرىزە ئەينىكىگە ياساپ نەقىش.

1961 - يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.

## مالچى يىگىت

چوتكا تۇتقان،
خۇشخۇي
مالچى يىگىت
ئاتلىرىنى سىلاپ-سىپاپ
ئەركىلىتىپ تارايدۇ.
ئۆزى باققان،
ئۆزى سەمرىتكەن،
بۇ ۋاپادار دوستلىرىغا
زوقى بىلەن قارايدۇ.
قارايدۇ ئۇ،
خوشاللىغى
ئىچ-ئىچىگە پاتمايدۇ.
بۇرۇت قويغان
بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىدە،
تۇم قارا
مېھىر تولغان كوزىدە
ئالەم-ئالەم
نۇر شولىسى چاقنايدۇ.



— تورۇقلىرىم...
جانىۋارلىرىم...
شامال قانات دۇلدۇللار،
كىشنىسەڭلار شوخلىنىپ،
داللاردا، بوستاندا،
جور بولىدۇ
ياز كۈيچىسى بۇلبۇللار.

× ×

قەھرىتان قىش...
سايلار، ۋادىلار
بىر كۈندىلا
قېلىن قارغا پېتىپ قالدى...
ھەتتا
ئاداققى سەپەر قۇشلىرىمۇ
يالىڭاچ دەرەخلەردىن
يىراقلارغا كېتىپ قالدى.
قاراڭغۇ تۈن...
ئاچچىق،
سوغاق نەيزىسى
قىرىق گىرادۇسقا ياندىشتى،
يېرىم كېچە...

قارلىق شۇۋرغان
بوران بىلەن ئالماشتى.
ئىسسىق ئۆيدە ياش كېلىن
خىيال بىلەن
ئاق چۈشەككە باقىدۇ.
موماي ئەنسىز...
ئاچچىغى بىلەن
توختىماستىن سوزلەۋاتىدۇ:
— قانداق گەپ بۇ؟
يېرىم كېچىدە
كىگىز ئېلىپ
چىقىپ كەتتى تالاغا!
بوراندا،
شۇۋرغاندا،
ئىسسىققىنا
ئۆز ئۆيدە ئولتۇرماي
ھەيرانمەن —
بۇ بالىغا......

بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى
بىر ئات
ئاغرىپ قالدى.
ئەنە — ئۇ
ئېغىر تىنىپ تىترەۋاتىدۇ.
يىگىتنىڭ ھارارەتلىك مېھرى



ھە ئۇنىمۇ
ئۆز باغرىغا تارتىدۇ.
يېڭى ئۆينىڭ كىگىزىنى
ئويلاپ تۇرماي
ئات ئۇستىگە ياپىدۇ.
بالىنى زاكىلىغان ئانىدەك،
ئاۋايلاپ
كوڭۈل قويۇپ ئورايدۇ.
ئۇنىڭدىن
ئىخلاس بىلەن سورايدۇ:
— ئىخ جانىۋار!
بۈگۈن قانداقسەن؟
چىداش بەرگىن!
ساق چىق مۇشۇ سەھەردىن.
ئەتىگە
ھايال قىلماي
ئاق خالاتلىق دوستۇمنى
باشلاپ چىقاي شەھەردىن.
تورۇقلىرىم،
جانىۋارلىرىم...
شامال قانات دۇلدۇللار،
ئاز قالدى...
ئىللىق كۈلۈپ باھار كېلەر،
باغلاردا
سايراپ كېتەر بۇلبۇللار!

× ×

چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ
كۈمۈش رەڭلىك تاڭلار ئاتقاندا،
ئەزالار
ناخشىلارنى
سوزۇپ - سوزۇپ ياڭرىتىپ
دالىدا يەر ھەيدەۋاتقاندا؛
ياكى
قارىغاي باسقان چانىلار،
قار - مۇز قاپلىغان
تىك داۋانلاردىن
ئوقتەك ئۇتۇپ كەتكەندە،
ياكى
ئالاقىچى چەۋەنداز
بىر كۈنلۈك بوزلارغا
بىر سائەتتە يەتكەندە،
مەلىنىڭ
ئاتباقارى
كامىلجاننى ماختايدۇ:
— تومۇردىن چىڭ يىگىت بۇ،
ئۇنىڭ باققان ئاتلىرى
قاراڭلار!
نىمە دىگەن ئىسىل ئاتلار بۇ!
توروق ئاتلار



يايلىلىرى
خۇددى تۇزدەك يالتىرايدۇ.
سىمىزلىكتە
تېپچەكلىشىپ،
شوخلۇق قىلىپ،
دالىلارغا، ئېتىزلارغا ئالدىرايدۇ.

1962 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.



## تۇققانلار

تۇققان سۆزى يېقىنلىقنىڭ سىماسى،
تۇققان دېيدۇ بىر ئۇرۇقتىن تارالسا.
رازى بولماس مېھرىۋانلىق دۇنياسى،
تۇققانلىققا مۇنداق ئاددى قارالسا.

بالىنتىسدا بىللە بولدۇق تۆت كىسەل،
ئىككى تاتار، بىر قازاق چال، بىرى مەن.
ھەمرالىرىم ئەجەپ ئېسىل كىشىلەر،
ھەممىسىنى ئۆز ئاكامدەك كۆرىمەن.

باش ئۈستۈمدە بولۇپ كېتەر پەرۋانە،
ئېغىرلىشىپ قالسا ھالىم ئاغرىقتا.
ئىسسىق ئوراپ قويسا بىرسى يوتقاننى،
بىرسى بېشىم تېڭىپ قويار ياغلىقتا.

غەمخور بولۇپ ئاسرايدىكەن ئۆزئارا،
ھەممە يەردە بىر بىرىنى ئۇققانلار.
بىر ئۇرۇقتىن تارالمىغى شەرت ئەمەس،
بىزنىڭ خەلق مانا شۇنداق تۇققانلار.

1962 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.



## گۈل ۋە تاللار

قۇياش نۇرى توكۇلەر مول - مول،
تەكچىدىكى گۈل قاچىسىغا.
تاۋلىنىدۇ ئۇندىكى گۈللەر،
ئىشقىنىڭ چۇشەر ھەر دانىسىغا.

دەرىزىنىڭ ئالدىدا سوگەت،
چوكانلىرى يېشىلگەن تال - تال.
سويۇپ ئوتەر كوكلەم شامىلى،
تاغ باغرىدىن كەلگەندە خوشال.

تىكىلدۇ ئاڭا بىر دوستۇم،
(گۈزەللىكنىڭ نوناق مەپتۇنى).
چوكانتالدىن سۇندۇرۇپ ئېلىپ،
گۈل قاچىغا سېپ قويدى ئۇنى.

قارايدىكى مانا گۈزەللىك!...
گۈل ۋە تاللار ياراشتى زەپمۇ.
مۇنداق لەززەت ئالالمىغان ئۇ،
لېنتا بىلەن گۈلنى بىزەپمۇ.

قۇرۇپ قالدى تاللار كەچكىچە،
لېكىن گۈللەر تۇرار جانلىنىپ.
بېشىنى تاتىلاپ قارايدۇ دوستۇم،
پەرۋانىدەك ئۇنى ئايلىنىپ.

ئەپسۇسلانما، ئەمدى ئاغىنە،
گۈللەرمىدى يىلتىزى يوق تال!
ئانا تۇپراق قۇۋۋەت بەرسە،
ھەممە نەرسە بولىدۇ قاخشال.

1962 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.



## ئىلى دەرياسى

چىرايلىق ساھىللار ياڭزا - ياڭزا گۈل:
قىپ - قىزىل چوغلۇقلار، لەيلىقازاقلار...
ۋادىلار قىپ - قىزىل، توقايلار قىزىل،
ياپ - يېشىل مەخمەلدۇر ئۇزاق - ئۇزاقلار.
قۇياش شۇڭغۇماقتا، ئۇپۇق قىزارغان،
سۇدا ئەكس ئېتەر شەپەق يالقۇنى.
يىراق - يېقىنلاردا ياڭرار ناخشىلار،
يۈزۈمگە ئۇرۇلىدۇ دەريا سالقىنى.
يىلقىلار كىشنەيدۇ، پادىلار قايتقان،
كېمە ئالدىرايدۇ قارشى قىرغاققا.
بۇلبۇل ئاۋازلىرى، مېھنەت شاۋقۇنى،
جاراڭلاپ كېلىدۇ باقساڭ قاياققا.
لېۋىمدە كۈلكىدۇر
— زامان ئوغلىنىڭ
مەمنۇن تەبەسسۇمى، مەغرۇر كۈلكىسى.
قانچىلىك ياشارغان بۇ ئۇلۇق دەريا،
قانچىلىك ياشىنغان ئالما ئۇلكىسى...
ئۆتكەننى ئەسلىدىم:

يامراپ كەلدى ياش،
ئېغىر قارا يىللار چۈشتى يادىمغا.
مۈڭلۈق خاتىرىلەر يۈزىنى ئاچتى،
ھەسرەتلىك بىر ھايات كەلدى ئالدىمغا......
ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى،
ئاڭلانماس ئەمدى
دىخان قىزلىرىنىڭ مۈڭلۈق قوشىغى،
ئوڭكۈرلەر ئىچىدە قالدۇرمايدۇ كۆل،
قاچقۇن ئاشىقلارنىڭ غېرىپ ئۈچىغى.
كوز ياشلار سېلىدە تاشمايدۇ دەريا،
قان بىلەن تولمايدۇ ئالتۇن پىيالە.
ۋادىلار قىپ - قىزىل، توقايلار قىزىل،
قۇربانلار قېنىدىن ئۈنۈپتۇ لالە.
شاقىراپ ئاقىدۇ ئىلى دەرياسى،
ياڭراق ئەكس سادا بېرەر تاغۇ - تاش.
دەريا بويلىرىدا ئايلىنىپ تەنها،
شېرىي تۇيغۇلارغا بولىمەن يولداش.

1962 - يىل ئاۋغۇست، تېكەس.



## يېشىل ھايات

كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ قارلىق تاغلار،
يېشىللىق دۇنياسىدۇر ئېتەكلىرى.
ئېدىرلار نار توگىنىڭ ئۈركىشىدەك ...
باغرىدا يەلپۈنىدۇ چېچەكلىرى.
قاپتال ۋە جىرالىرى يېشىل جاڭگال،
قارىغايلار ساما بىلەن بوي تالاشقان.
ئېدىرلار ئارىلىغى قويۇق چاتقال،
ياپ - يېشىل توقايلىقلار قۇچاقلاشقان.
تاغ سۇيى ئېقىپ ئۆتۈپ توقايلىقتىن،
تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلىدۇ، شاقىرايدۇ.
بىپايان يىراقلىقلار يېشىل يايلاق،
كوزۇڭنى قاماشتۇرۇپ پاقىرايدۇ.
قاياققا كوز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،
يېشىلدەك كورۇنىدۇ بار كائىنات.

شىشىدەك سۈزۈك ئاسمان، تىنىق ئاسمان،
ئاۋۇلنىڭ ئويلىرىدىن چىقار تۇتۇن.
تام ئويلەر، كىگىز ئويلەر سان - ساناقسىز
ئارىلاش ئورۇنلاشقان ئۇلار پۇتۇن.

ئاتلىرى چۇشەلگەندۇر ئۆي ئالدىدا،
سېيىرلار ئۇزاپ كەتكەن توقايلارغا.
توخۇلار قاقاقلايدۇ، ئىتلار ھاۋشار،
بالىلار مىنىپ يۈرەر موزايلارغا.
مومايلار ئىشلەپ يۈرەر كوكاتلىقتا،
بوۋايلار ھەر خىل كوكتات تېرىپ بەرگەن.
كېلىنچەك سوزۇپ - سوزۇپ ئولەن ئېيتار،
بوۋىغى ئانىسىغا كۈلۈپ بەرگەن.
قاياققا كوز تاشلىساڭ گۈزەل ھايات،
گۈزەلدەك تۈيۈلىدۇ بار كائىنات.

ئومنىڭ ناخشىسىدىن يايراپ كېتەر،
دانغا باي، مۇنبەت تۇپراق — ئېسىل تاغلار.
ئۆيۈرلۈك بېيىلەرنىڭ مەنزىلگاھى،
سۈت - قىمىزى دەريا - دەريا يېشىل تاغلار.
ئۇن يەتمەس ئىگىزلىكتە ئۇچار بۈركۈت،
كەڭ يايلاق ئاسمىنىدا قانات قاققان.
ئاقىرىپ كورۇنگىنى قوي پادىسى،
چوپانى ئات ئۈستىدە كۈلۈپ باققان.
ئايغىرلار چاڭ چىقىرىپ چېپىپ ئوتەر،
ئويلايسەن مەردۇ - مەردان جەڭدە گويا.
ئوتلاقتا ئۇنچە - ئۇنچە چوپ ياتىدۇ،
ئارالار تولۇپ كەتكەن يېشىل دۇنيا.
قاياققا كوز تاشلىساڭ يېشىل ھايات،



يېشىلدەك كورۇنىدۇ بار كائىنات.

يەر بىلەن خەيرلىشىپ كۈن پاتىدۇ،
ئۇپۇقلار قىزىرىدۇ يالقۇن بولۇپ.
سۈيۈملۈك كىشىلەرگە ئاچار قۇچاق،
ئاۋۇللار، دەريا بويى سالقىن بولۇپ.
تىنچىماس ئانا ئاۋۇل، ئويغاق دەريا،
سىر ئېلىپ ئاشىقلارنىڭ كۈلۈشىدىن.
تىنچىماس ئاي پارلىغان گۈزەل دۇنيا،
جىر - جىرلاپ، گارمون تارتىپ يۈرۈشىدىن.
كېچىكىپ قالغانمىكىن شوپۇر يىگىت،
نەدىدۇ تىراكتورى تاتىلدايدۇ.
كۈلۈپتا قويۇلماقتا يېڭى فىلىم،
ئاپارات رىتىم بىلەن تاقىلدايدۇ.
تەڭشىساڭ قەدىردان يەر نەپىسىنى،
دىلىڭنى چۇلغاپ ئالار خوشال سېزىم.
مېھماندوس چەكسىز يايلاق — يېشىل يايلاق،
شۇنچە كەڭ، شۇنچە يېشىل، شۇنچە نەزىم.
قاياققا نەزەر سالساڭ گۈزەل ھايات،
گۈزەلدەك تۈيۈلىدۇ بار كائىنات.

1962 - يىل ئاۋغۇست، تېكەس.

## كۈز دالاسى

ئەتراپتا چىرايلىق كۈز مەنزىرىسى،
گوياكى ئالتۇن بوياق بەرگەن بىرو.
چوپلەردە پارقىرىماس مۇنچاق شەبنەم،
يالڭاچ ئاي ـ دالاغا چۈشەر قىرو.
قۇياشقا تازىم ئەتمەس ئاپتاپپەرەس،
كوز يەتمەس ئېكىنزارلار سولۇپ كەتكەن.
لېكىن دالا سەھنىسىدە جانلىق هايات...
هور مېهنەت شاتلىقىغا تولۇپ كەتكەن.

گىگانت تىراكتۇردىن چىققان تۈتۈن،
تواغىنىپ ئەگىشىدۇ بۇلۇتلارغا.
سوقىلار تىلىپ ئۆتكەن قارا تۇپراق،
سوزۇلغان ئۇپۇقلاردىن ـ ئۇپۇقلارغا.
قوينى كەڭ مۇنبەت يەرلەر تۇيۇلىدۇ،
گوياكى قاه ـ قاه سېلىپ كۈلۈپ كەتكەن،
بىپايان يىراقلارغا تىكىلمەن،
قۇۋۋىتىم باھادىردەك تولۇپ يەتكەن.



ئېسىمدە باللىغىم، مەزلۇم ئاتام...
بىر پارچە ئېتىزلىقتىن كېتەلمەيتتۇق.
جان ئىدى، جانان ئىدى ئىككى مو يەر،
هېچقاچان ئىككىنى ئۈچ ئېتەلمەيتتۇق.
يوقسۇللۇق يامانىدىن — زامانىدىن
ئاتىنىڭ يۈرەك ـ باغرى كويۇپ كەتكەن.
ئارمان بىلەن تىكىلىپ ئۇ كەڭ ۋادىغا،
ياش تـوكۇپ هەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

ئوملۇك كۆچ ـ قۇۋۋىتىدىن — قۇدرىتىدىن
گۈل ئاچتى ئەزىز ئاتام ئارمانلىرى.
تۈنۈگۈن شىۋاق ئۆسكەن بۇ ماكاندا،
دان ئېكەر خوشال مېهنەت كارۋانلىرى.
يالڭاچ تالادا كۈز، دالادا كۈز،
پايانسىز ئېكىنزارلار سولۇپ كەتكەن.
لېكىن دالا سەھنىسىدە جانلىق هايات
هور مېهنەت شاتلىقىغا تولۇپ كەتكەن.

1962 ـ يىل ئوكتەبىر، ئۈرۈمچى.

## جەمىلە

(«ئالجىرىيە قىزى» ناملىق كىنونى كۆرۈپ)

ئانىسى يوقمىكىن مۇنۇ جاللاتنىڭ،
يوقمىكىن يە يارى، يوقمۇ سىڭلىسى؟
قىزنىڭ كۆكرىكىگە يېقىنلاشقان دەم،
نېمىشقا تىترىمەس جازا يىڭنىسى؟

ئېلېكتىر مېھنەتنى تېزلىتەر قورال،
ئىنسان مېھنەت ئۈچۈن ئۇنى ياراتقان.
ئۇ ياشاش يولىنى ئاسانلاشتۇرغان،
قاراڭغۇ كېچىدە يورۇق تاراتقان.

نېمىگە ئىشلەتمەكتە ئۇنى جاللاتلار،
قان تامغان كۆزلىرى پارقىراپ ھېسسىز؟
ئەنە، توك ئارقىلىق قىزىتىپ يىڭنە،
قىزنىڭ كۆكرىكىگە تىقار رەھىمسىز!

ئۇ كۆكرەك —
ياش قىزنىڭ مەسۇم كۆكرىكى،



ئالەمچە ئىرادە ساقلىغان كۆكرەك.
ئۇ كۆكرەك دۈشمەنگە نەپرەت ياغدۇرۇپ،
ئەڭ ئالىي بۇرچىنى ئاقلىغان كۆكرەك!

جاللات توك يىڭنىسى تىقىدۇ ئاڭا،
جەڭ ئوقلىرىدەك ئېتىلىدۇ قان.
دەھشەتلىك جازاغا ئېگىلمەيدۇ قىز،
ئوت يانغان كۆزلىرى غەزەپلىك باققان!

ئۇنى سوتلىماقتا ئەنە فرانسۇز
بورە قوزىچاقنى سوتلايدۇ گويا.
جاھاننى تىترىتەر ۋىجدان بومبىسى،
غەزەپلىك داۋالغۇيدۇ ئاق كۆڭۈل دۇنيا.

قوللاش ـ ھىمايىگە پۈركىلىپ كېتەر،
جەمىلە قەلبىنىڭ غەزەپ نىداسى.
ئالجىرنى قاپلايدۇ نامايىش ـ ھۆررا،
ئەللەردىن يانىدۇ ئەكس ساداسى.

ئۇنى سېزىپ تۇرار نىمجان جەمىلە،
يېرىلغان باشلىرى، چۇۋۇلغان چاچلار..
ئۇنىڭ كۆكرىكىدە ئۇچمەيدۇ يالقۇن،
سۇنمايدۇ مىنۇتمۇ مەغرۇر قاراشلار...
... ... ... ... ...

... ... ... ... ... ...

قانخور، كوزلىرىڭدە قارا كوزەينەك،
ئاخىرى قاچتىڭغۇ باقماي ئارقىڭغا.
قېنى، ھەمراھلىرىڭ — چىپار كوينەكلەر
ئۇلار كەتكەنمۇ يە مەڭگۇ ئۇيقۇغا!

قېنى، تۇنۇگۇنكى ئاجايىپ سولەت،
ياغاچتەك غادايغان غالىپ قامىتىڭ؟
يىرتىلغان لاتىدەك سورىلىپ قاپسەن،
قولۇڭدىن كەتتىمۇ ئەمدى ئامىتىڭ؟

ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قارا بىر قېتىم:
مىيىغىدا كۇلدۇ ئەركىن جەملە.
يەنە شۇ كوزۇڭگە تونۇش كۇلكىسى،
يەنە شۇ يېڭىلمەس تەمكىن جەملە!

× ×

بىپايان ئۇپۇقلارغا قارار جەملە،
ئەزىز ۋەتىنىگە قارار تەلمۇرۇپ.
ئۇنى تەبرىكلەيدۇ ئالچىر ياشلىرى
قۇچاق ۋە قۇچاقلاپ گۇللەر كەلتۇرۇپ...

1962 - يىل دېكابىر، ئۇرۇمچى.



## لەگلەك

سۇزۇلۇپ قالدى ئۇپۇق كۇن كەينىدىن،
گۇگۇمدىن خالى تېخى تىنىق ساما.
قايتىمەن يېنىك - يېنىك قەدەم تاشلاپ،
قەلبىمگە ئارام بېرەر سالقىن ھاۋا.

ئۇگەنگەن مەنزىرىنى ئىزلەر كوزۇم،
بىر ئەجەپ مەنزىرىكى زوقلانغۇدەك.
(ھەركۇنى شۇ مەلدە ئويىنار ئىدى،
كوزۇمگە سىڭىپ قالغان ئىككى گودەك.)

ئاتىسى - ئانىسى كىم، بىلمىسەممۇ،
گودەكلەر ماڭا يېقىن بولۇپ قالغان.
بىرسىنىڭ ئېتى مۇختەر، بىرسى ئەركىن،
ئۇلارغا مەنمۇ ئاكا بولۇپ ئالغان.

مانا ئۇلار
يۇگۇرۇشۇپ چىقىپ كەلدى،
ئىككىسى چۇۋۇرلاشتى تاتلىق تىلدا:

— ئاكىجان، بىزگە لەگلەك ياساپ بېرىڭ!
بىر ئارزۇ يالقۇنلايتتى ئىككى دىلدا.

لەگلەكنى كېلىشتۈرۈپ ياساپ چىقتىم،
شۇ كۈنى ئاي پاتقىچە ئۇخلىماستىن.
خىزمەتكە كېتەلمىدىم تاڭ سەھەردە،
ئاۋال بۇ گودەكلەرنى قۇتلىماستىن.

× ×

سۇزۇلۇپ قالدى ئۇپۇق كۈن كەينىدىن،
گۈگۈمدىن خالى تېخى تىنىق ساما.
قايتىمەن يېنىك-يېنىك قەدەم تاشلاپ،
قەلبىمگە ئارام بېرەر سالقىن ھاۋا.

لەگلەك چىقىراتتى ئىككى گودەك،
ئاشۇرۇپ پارچە-پارچە بۇلۇتلاردىن.
توز قانىتىدەك لەپىلدىتىپ قانىتىنى،
لەگلىگى ئۇرلەپ بارار ئۇپۇقلاردىن.

گودەكلەر دوستلۇغىنىڭ سىمۋولى،
كۆز يەتمەس ئېگىزلىكتە يەلپۈنەتتى.
جۈپ كوكۇل شاتلىغىدىن تېپىپ قۇۋۋەت،
تېخىمۇ بۈيۈكلۈككە تەلپۈنەتتى.

1963-يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى



# دېخان ئاتا

سولىدىن باش كۆتەردى دېخان ئاتا،
ياپىرىدى زوققا تولۇپ كەتكىنىدىن.
چىڭقى چۈش قۇياشىدەك پارلار يۈزى،
تومۇزنىڭ مونچاق-مونچاق شەبنىمىدىن.

كۆزىنى تارتتى ئۇنىڭ ئالتۇن گىلەم،
چەت-چېتى تۇتىشىپتۇ ئۇپۇقلارغا.
ئۇپۇقنىڭ نېرىسىدا قارلىق تاغلار،
چوققىسى باش تىرىگەن بۇلۇتلارغا.

ئالەمنى تالاي قېتىم چوگىلەيدۇ،
بەش مىنۇت پۇرسەت تاپسا ئۇچقۇر خىيال.
تارىخى — تۇت پەسىللىك شۇ ئېتىزنىڭ
خاتىرە تارلىرىنى چەكتى دەرھال.

كەچكۈزدە: باشلاپ پۈتۈن دۆي ئەھلىنى،
شۇ چەكسىز ئېتىزلارغا دان ئىكەر ئۇ.
ۋە يەنە كېيگۈزىدۇ مۇزدىن لىباس،
دالىنى قاپلىغاندا ئاپپاق قىرو.

سوغاق قىش: ئۇرۇپ چانا قارشىسىدىن،
نەيزىدەك سانچىلىدۇ قارلىق شامال.
مايسىغا تەييارلايدۇ يازلىق ئوغۇت،
ھويلىدىن - جاڭگاللاردىن تېپىپ ئامال.

باھاردۇر: گۈزەل كېچە... ئۇستەڭ بويلاپ،
شۇ كىشى سۇ باشلايدۇ ئېتىزلارغا.
نەۋقىران مايسىلارغا چۈشكەن كوزى
چاقنايدۇ ھەسەت سېلىپ يۇلتۇزلارغا.

مانا ياز: دولقۇنلانغان ئالتۇن گىلەم،
چەت - چېتى تۇتاشقاندۇر ئۇپۇقلارغا.
غالىبان نەزەر تاشلار دېخان ئاتا،
يەكتىگى ئوخشاش ئاپپاق بۇلۇتلارغا...

كوزىدىن مەمنۇنىيەت نۇر سېپىدۇ،
بۇ نۇردىن سۇزۇكلىشەر يەنە پەلەك.
يېرىلغان قوللىرىغا باقسا مەغرۇر،
قەلبىدە قايناپ تاشار ئارزۇ - تىلەك.

ئۇنچىنى بېسىپ ياتقان ئوغغىنى،
ئالدى شۇ قاداق باسقان پولات قولغا.
ئىگىشتى — ئىشقا چۈشتى غولاچ تاشلاپ...
ئۇلاندى كەڭرى ئالغان سوللار سولغا.



× ×

مەن سېنى ئۇلۇغلايمەن دېخان ئاتا!
ئوبرازىڭ ئىلھامبەخش ئەتكىنىدىن.
مىسرالار تۇزۇپ چىقتىم يۈزۈڭدىكى،
تومۇزنىڭ مونچاق - مونچاق شەبنىمىدىن.

1963 - يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى.

## سېنى كۆرۈپ...

شىخەنزە، سېنى كۆردۈم — نۇرلۇق تۇپراق،
كەلگۈمىز داستانىنى ئوقۇپ چىقتىم.
ئۇلۇغۋار مەنزىرىلەر قىلغاندا مەس،
ھاياجان قوشاقلىرى توقۇپ چىقتىم.

جەڭچىدەك مەغرۇر قەدلىك سۇۋادانلار،
شاخلىرى بۇلۇتلارغا يېتىپ قاپتۇ.
چىرايلىق قاتار-قاتار ئىمارەتلەر
گۈزەللىك ۋادىسىدىن ئورۇن ئاپتۇ.
چېكىنىپ چەكسىز قوناق دالىسىدىن
قەدىمىي قۇمۇشلۇقلار قۇرۇپ قاپتۇ.
قىزىلچا بولۇق ئۆسكەن، كېۋەزلەرنىڭ —
شاخلىرى غوزەكلەرگە تولۇپ قاپتۇ.
بۇلبۇللار (بەلكى جەننەت قۇشلىرىدۇر)
مېۋىلىك باغلىرىغا كۆيۈپ قاپتۇ.
ئەينەكتەك يالتىرايدۇ سۇ ئامبىرى،
گىرۋىگى ئۇپۇقلارنى سۆيۈپ قاپتۇ.
دالانى كېسىپ ئۆتكەن تاشيوللىرى



تاۋلىنىپ كۈن نۇرىدا پاقىرايدۇ.
جىگدىلەر پۇراق چاچقان، ئۆستەڭلىرى —
تۇسۇن تاغ دەرياسىدەك شاقىرايدۇ.
لىققىدە قوغۇن باسقان ماشىنىلار
ۋادىنى جانلاندۇرۇپ غاقىرايدۇ.
ئېگىزنى تىلغاپ بارار تىراكتورلار،
گۈدۈكلەر شان تارتىپ ۋاقىرايدۇ.
كومبايىن پۇرقىغانىنى تۇتۇن دېمە،
ھاۋاغا زىننەت بېرىپ نۇر ئورايدۇ.
قوناقلار ئالتۇن رەڭلىك پوپەك تارتقان.
بىپايان ئېكىنزارلار گۈل پۇرايدۇ.
يوللىرى ئازادىدۇر، گوياكى ئۇ،
ئۇپۇقتىن-ئۇپۇقلارغا تارتقان تاناپ.
ئېتىزنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا
ماشىنا يېتەلمەيدۇ سائەت ساناپ.
ئېتىزلار... ياقا، ئېتىز چۈشەنچىسى
بۇ يېشىل كەڭلىكلەردە تۇيۇلار يات.
قۇشلارمۇ يېتەلمەيدۇ چەت-چېتىگە
سەھەردىن ئاخشامغىچە قاقسا قانات...
كىشىلەر كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەر مۇندا،
ئۇتۇقلار ئىشقى بىلەن چېلىشىدۇ.
ئۆزلىرى بەرپا قىلغان بۇ ۋادىدىن
مول ئۈنۈم، مول خامانلار ئېلىشىدۇ.
بىز ئۆتسەك قول سىلكىتىپ، كېۋەزلىكتە —

سىكىلەك چاچلىق قىزلار قارىشىدۇ.
ئالتۇندەك كوز چاقنىتار ئىش كىيىمى،
بۇ كىيىم ئۇلارغا زەپ يارىشىدۇ.
ئۆگەنمەك كېرەك يېزام، خۇددى شۇنداق،
ئىشلەپ ھەم خۇددى شۇنداق ياشىماقنى.
مەنزىللەر سەپىرىدە خۇددى شۇنداق،
ئىز بىلەن غالىپ قەدەم تاشلىماقنى.
ئۆگەنمەك كېرەك بۈندىن خۇددى شۇنداق،
دۇنيانى گۈزەللىككە باشلىماقنى.
ئۈمىتلىك قاراپ پارلاق كېلىچەككە،
ھاياتقا شۇنداق نەزەر تاشلىماقنى.
شىخەنزە، سېنى كوردۇم، بەختىمىزنىڭ
بىر گۈزەل داستانىنى ئوقۇپ كەلدىم.
ئىلھامغا چومۇلگەندە لىرىك قەلبىم،
ھاياجان قوشاقلىرى توقۇپ كەلدىم.

1963 - يىل ئاۋغۇست، شىخەنزە.



## ۋەتەن توغرىلىق ناخشا

چەكسىز سەن، پايانسىز سەن ئانا ۋەتەن،
ھورمىتىڭ — شەۋكىتىڭدىن سۆيۈنىمەن.
قىممەتلىك ماڭا ھەر تال گىيا - تېشىڭ،
جېنىمدىن ئەزىز بىلىپ كويۈنىمەن.
ئاھ ئانا! ئاھ مۇقەددەس، ئىسىل تۇپراق،
خارلاندىڭ، چەكتىڭ ئازاپ نەچچە ئەسىر.
كەتمىدى كوكسۇڭ بويلاپ قايغۇ - ماتەم،
سوڭەكتىن قوپۇرۇلدى سانسىز قەسىر.
قان توكۇپ قۇتۇلدۇردى ئوغۇل - قىزىڭ،
سېنى شۇ ئېغىر كۈنلەر، ھاقارەتتىن.
ۋە ساڭا تەقدىم قىلدى يېڭى ياشلىق،
گىگانت قۇۋۋەت بىلەن جاسارەتتىن.
تەلىيىڭ چىچەكلىدى قىزىل بولۇپ،
تولدى تاغ - جەزىرىلەر گۈل - چىچەككە.
تەنتەنە قىلىپ ياشلىق باھارىڭنى،
سەن مەغرۇر تىكىلىسەن كېلىچەككە.
ئۇغلۇڭمەن، پەخرىم تولا — بەختىم تولا،
چېلىشتىن - چېلىشلارغا ئاتلانغۇچى.

شوھرىتىڭ ئالەم ئارا كەتتى ياڭراپ،
ئوغلۇڭمەن، شوھرىتىڭدىن شاتلانغۇچى.
مەن قىنىپ نەپەس ئالغان ھاۋا ئەمەس،
كوكسۇڭنىڭ ماڭا بەرگەن ئىللىق ھىدى.
مەڭزىمدىن سىپاپ ئوتكەن شامال ئەمەس،
ئانىلىق سۇيۇشلەرىنىڭ ھارارىتى.
ئاق سۇتۇڭ يالقۇنلىنىپ تومۇرۇمدا،
مېھرى - مۇھەببىتىڭدىن سۇيۇنىمەن.
ئوغلۇڭمەن، ئۇلۇغ دىيار — ئانا ۋەتەن،
جېنىمدىن ئەزىز بىلىپ كويۇنىمەن.

1963 - يىل سىنتەبىر، ئۇرۇمچى.



## رەڭ ئالدى...

ئۇپۇققا ياندى يەنە ئالتۇن قۇياش،
كوكۇللۇك تەسراتلار سەيلىسىدىن.
رەڭ ئالدى ئۇزاق - ئۇزاق تەلمۇرۇپ ئۇ،
تاغلارنىڭ قىزىل ياپراق لەيلىسىدىن.
رەڭ ئالدى توغ كوتىرىپ ئىشتىن قايتقان،
ئوت يۇرەك كىشلەرنىڭ قاتارىدىن.
رەڭ ئالدى داستىخانغا قويغان توغاچ،
باغلارنىڭ خۇش پۇراقلىق ئانارىدىن.
رەڭ ئالدى بوشۇكىدە ئەركىلىگەن،
بوۋاقنىڭ تاتلىقىنا كۇلۇشىدىن.
رەڭ ئالدى بولاقلاردا ئەكس ئەتكەن،
ئۇياتچان ئاشقلارنىڭ سۇيۇشىدىن.
رەڭ ئالدى باتۇر ئىشچى يىگىتلەرنىڭ
قايناغان چېلىشىدىن، كۇرشىدىن.
رەڭ ئالدى يايلاقلاردا كوتىرىلگەن،
گۇلخاننىڭ يالقۇنلىنىپ كويۇشىدىن.
رەڭ ئالدى ۋە بۇ رەڭلەر شەپەق بولۇپ،
ئۇپۇقنىڭ گىرۋىكىدە تۇرۇپ قالدى.

كۈمۈش رەڭ چوققىلاردىن ھالقىدى ئاي،
شاتلىقتا قۇياش بىر سوز ئېيتىپ قالدى:
"تاڭغىچە جەننەتتەك بۇ ئەزىز ئەلنى،
كوردۇ كوزۇم بىلەن بەختىيار ئاي!
نۇرلىرىم چاقناپ ئايدا، كورسەم يەرنى،
قانداقچە زوققا تولۇپ خوشاللانماي؟"

1963 - يىل ئاۋغۇست، ئۇرۇمچى.



## ئەل مۇقاملىرى

تىرەكلەر قۇچاقلاشقان گۈگۈم بىلەن،
ئاي نۇرى يالتىرايدۇ يوپۇرماقتا.

نەدىدۇ نەپىس كۈيلەر ئىسكىرىپكا،
نەدىدۇ تىترەيدۇ غىجەك تارى.
ناخشىلار تارىلىدۇ تۈن قوينىغا،
ناخشىلار ۋەتىنىمنىڭ ئىپتىخارى.
مۇقاملار ئۇچۇپ كىرەر دەرىزىدىن،
ۋەتىنىم ناخشا ئېيتىپ كۈيلىمەكتە.
ياشنىتىپ قىزىلگۈلدەك ئۆمرىمىزنى،
ۋەتىنىم كۈندىن - كۈنگە ئۆرلىمەكتە.
ناخشىلار ئارزۇ دىمەك، ناخشا زەپەر،
ئۇ، قەلبىم تارلىرىنى چېكىپ كېتەر.
چىرايىم نۇرلىنىدۇ تەبەسسۇمدا،
ۋە مېنى شىرىن ئۇيقۇ ئېلىپ كېتەر...

چىرايلىق يېڭى كۈندىن خەۋەر بېرىپ،
ناخشىلار ئويغىتىدۇ مېنى تاڭدا.
ئىشقىمۇ شۇ ناخشىلار باشلاپ ماڭار،

ئۇپۇقنى گۈلگۈن پەرەڭ قاپلىغاندا.
مېھنەتكە ئىنتىلمەن غەيرەت بىلەن،
كۆزۈمدە چاقنار مېنىڭ قۇياش نۇرى.
مېھنىتىم ناخشا دېمەك، مۇقام دېمەك،
مېھنەتتۇر بۈيۈك ئەلنىڭ مۇقاملىرى.
ئاھ، ھېچكىم ياشىمايدۇ بىزدەك گۈزەل،
ۋەتىنىم ناخشا ئېيتىپ كۈيلىمەكتە.
ياشنىتىپ قىزىلگۈلدەك ئۆمرىدىمىزنى،
ۋەتىنىم كۈندىن - كۈنگە ئۆرلىمەكتە.

1963 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.



## سەھرا تەبىئىتى

(ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كېلىۋېتىپ)

باغرىمغا يېڭىشلاپ باسقۇم كېلىدۇ،
قۇچىقىم سىغمىغا پاتسا كائىنات...
خوشالمەن!
ئالدىمدا كۆز چاقنىتىدۇ،
گۈزەل مەنزىرىلەر — جانلىق بىر ھايات:
قاتمۇ - قات، كۈمۈش رەڭ تاغ تىزمىلىرىن
تاشيوللار قىلىچلاپ تاشلىغان تامام.
ئەسىرى سايلاردا ۋاقىرار گۈدۈك،
ئاپتوموبىل ئاقىدۇ زاۋۇتلار تامان.
يۇلغۇنلار قاپلىغان چۆلدە تىراكتۇر،
جەزىرە سۇلىرى ئەمدى رىۋايەت.
يالتىراق كوللەردە بېلىقچى يەلكەن
ۋە ئورمان بەلۋاغلىرى چىرايلىق غايەت.
توقايلار كۆكسىدە باھار ۋە ھايات،
بەھرىڭ ئېچىلىدۇ يېشىللىقىدىن.
ئۇپۇقتا سوزۇلغان يېڭى يېزىلار،

كوزلەر قامىشىدۇ ئۇسسۇللىغىدىن.
تەبىئەت بەختىيار كۈلۈمسىرەيدۇ،
ئېچىلغان چېچەكلەر تارقىتار پۇراق.
باھار شامالىرى ئۇچار گۈكىرەپ،
قۇياشقا باقىدۇ ياشنىغان تۇپراق.

مەن سەپەردىمەن!
پىكىر ئېقىمى
روھىمنى چۇلغىدى، دىلنى ئويناتتى.
ئاھ، بۇ سەھرالارنىڭ دىلبەر جامالى
قەلبىمدە بىر لەرزىك تۇيغۇ ئويغاتتى.
كېزىمەن، كۈيلەيمەن ئىلھامىم بۇلاق،
سەھرا تەبىئىتى ماڭا زوق بەرگەن.
سەھرادا سائادەت، ئۇندا جانلىنىش
ئادەملەر مېھنىتى ئاڭا روھ بەرگەن.
ئەڭ يىراق كەڭلىكلەر ۋە قۇملۇقلاردا
ئادەمنىڭ مېھنىتى، ئادەم ئىزى بار.
قۇملار ئۆركەشلىگەن، بوران ھۇۋلىغان
قىيىن مەنزىللەردە ئۇنىڭ ئىزى بار.
ئۇ ماڭا قېرىنداش، ئۇ ماڭا ياران،
چېلىش ۋە زەپەرلەر ئاڭا زوق بەرگەن.
يۇرتنى كۈنسېرى ئۆزگەرتمەكتە ئۇ،
غەيرەت ۋە ئىنتىلىش ئاڭا روھ بەرگەن...
مەن سەپەردىمەن!
پىكىر ئېقىمى



روھىمنى چۇلغىدى، دىلنى ئويناتتى.
ئاھ، بۇ سەھرالارنىڭ دىلبەر جامالى،
قەلبىمدە بىر لەرزىك تۇيغۇ ئويغاتتى.

1964 - يىل ئاپرېل، توخسۇن.

## گۈل چېچەك — گۈلگۈن چېچەك

گۈل گىيا قاھ-قاھ ئۇرۇپ ئاچتى چېچەك،
مۇشلەر چېچەكلىدى تۈگۈن بولۇپ.
گۈپۈلدەپ گۈل پۈرايدۇ ئاسمان-زېمىن،
قەلبلەر چېچەكلىدى گۈلگۈن بولۇپ.
ئاھ، بۇ دىل خۇش يورۇق كۈنلەر — باھار!
چېكىدۇ دىل تارىنى باھار كۈيى.
تاغ سۈيى ئۆستەڭلەردە ئوينىپ ئاقار،
يېشىلىپ قالدى تاللار، ئۆستەڭ بويى.
ئالمىنىڭ چېچەكلىرى لالە-لالە،
لالىرەڭ بېغىشلىدى باغ ھۆسنىگە.
ئامۇتنىڭ شاخلىرىدا تالاي يۇلتۇز،
يۇلتۇزلار كېلىپ قوندى تاغ كۆكسىگە.
ئۆستەڭدە كولەڭگىسى گۈزەل قىزنىڭ،
يېنىدا كەتمەن تۇتۇپ يىگىت كۆيگەن.
شۇ يىگىت، شۇ قىز كەبى بولدى چېچەك،
چېچەكلىك مەلىلەردە گېزىت كۆرگەن.
ئالمىرەڭ كېلىنچەكلەر — گۈل-چېچەكلەر،
قىزىللىق بېغىشلىدى باغ ھۆسنىگە.



ئامۇتنىڭ چېچىكىدەك ياقۇت گۈلخان،
گۈلخانلار ئۇنچە بولدى تاغ كۆكسىگە.
ئېتىزدا لەپىلدىدى قىزىل بايراق،
قىزىللىق زىننىتىدىن چاقنار دالا.
پەرۋازى پەلەك ئادەم تاقتى لېنتا،
لېنتىسى چېچەك رەڭلىك، تالا-تالا.
مەلىنىڭ قوشاقچىسى ئېيتتى قوشاق،
قوشىغى چېچەك بىلەن تولۇپ قالدى.
ئىلھامى گۈل-چېچەك ۋە گۈلگۈن چېچەك،
مىسرالار تامام چېچەك بولۇپ قالدى.
چېچەككە قان بولدى سۇ، جان بەردى سۇ،
سۇ يىراق، ئېقىپ كېلەر قىيالاردىن.
ئادەمگە غەيرەت بەردى گۈلگۈن بىر روھ،
كەلدى روھ چېچەكلىگەن جىرالاردىن.
پەسىللەر ئىز باسىدۇ چېچەك كېتىپ،
چېچەكلەر مىۋە بولۇپ يېتەر تېخى.
گۈلىستان باغلار ئارا بولار سەيلە،
سەيلىلەر راسا قىزىپ كېتەر تېخى.
چىرايلىق كۈنلەر ئۆتەر، ئايلار ئۆتەر،
ئاي ئارا كۆتىرىلەر قىزىل بايراق.
غەيرەتنىڭ قۇۋۋەت ئەمگەن ئالتۇن قەدەم،
بولىدۇ ئالتۇن ئېتىز، يېشىل يايلاق.

گۈل گويا قاھ - قاھ ئۇرۇپ ئاچتى چېچەك،
قەلبلەر چېچەكلىدى گۈلگۈن بولۇپ.

1964 - يىل ئاپرېل، يەكەن - تاغارچى.



## تۇمەن دەرياسى بويىدا

قەلبىمنى ئەسىر قىلدى گۈلرەڭ تۇمەن،
كەزگىنىم ئۇنىڭ ئالتۇن قىرغاقلىرى.
پىكرىمنى تارتتى دولقۇن، قىزىل ئېقىم،
گۈل سۈيى ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقلىرى.
بۇلبۇللۇق كۆنلەر ئارا كورگەنلىرىم،
ئىلھاملىق خىيالىمنى ئەتتى شەيدا.
گۈل بۇلاق، قىزىل ئېقىم قەسىدىسى،
تۇغۇلدى، تاڭ نۇرىدەك بولدى پەيدا:
ۋادىغا زىننەت بەرگەن ئازات مېھنەت،
گۈل ئېكەر باغۋەن بولۇپ تۇيۇلىدۇ.
تاڭدىكى شەبنەم بولۇپ باغۋەن تېرى،
غۇنچىلار، ياپراقلارغا قويۇلىدۇ.
گۈل قىزىل، ئۇ لالىرەڭ قىزىللىقنى،
بەرگىنگە سىڭگەن تەردىن ئالار گويا.
شۇ تەرنىڭ ئىجادىدۇر خۇش پۇراقمۇ،
پۇراقتىن نەپەس ئالار گۈزەل دۇنيا.
گۈل سۈيى يىلتىزلاردىن سىڭىپ يەرگە،
تامچىلار بىر بىرىگە قېتىلىدۇ.

ئايلىسى يەر قەلبىنىڭ شاتلىقىغا،
بۇ سۇلار بۇلاق بولۇپ ئېتىلىدۇ.
زامانە دولقۇنىدەك قىزىل ئېقىم،
تۇغۇلغان ئاشۇ قىزىل بۇلاقلاردىن.
گۇل بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇمەن سۇيى،
يول بېسىپ كېلەر شۇنداق يىراقلاردىن.
بۇ سۇلار ئېلىپ بارار چىمەن ھوسنى،
كىرگەندە ئېتىزلارغا، داللارغا.
قىزلارنىڭ چىرايىدا ئۇنىڭ رەڭگى،
ئۇ شوخلۇق بېغىشلايدۇ باللارغا...
ئەبدى ئېتىلىدۇ گۇل بۇلاقلار،
تۇمەندە قىزىل ئېقىم ئاقار شۇنداق.
سۇيۇنۇپ ئەزىز قەشقەر، ئازات مېھنەت،
ۋادىغا قىزىل شەپەق ياقار شۇنداق.
قۇياشلىق تاڭلار بىلەن قۇچاقلاشقان
بۇ دەريا كوز ئالدىمدا پارلاق ھامان!
خىيالىم ئېلىپ كەتتى مېنى يەنە،
قوزغالدى خاتىرەمدە كەچمىش زامان:
قەلبىمنى پارە قىلغان قانرەڭ تۇمەن،
كەزگىنىم ئۇنىڭ مۇڭلۇق قىرغاقلىرى.
كورگىنىم ئۇدى قاندەك قىزغۇچ ئېقىم،
كوز يېشى ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقلىرى.

1964 - يىل ماي، قەشقەر.



## سازەندە

كوكلەمنىڭ كېچىلىرى ھەجەپ نەپىس،
تولۇن ئاي ئاق لەيلىدەك ئۇزەر كوكتە.
ئوتەر تۇن چالغۇ بىلەن، سوھبەت بىلەن،
ئەڭ ئەزىز خاتىرىلەر قالار كوڭلە.
كېچىلەر، سوۋادانلىق باغ مەلىسى،
يورۇيدۇ ئاي - يۇلتۇزلار شولىسىدىن.
ياڭرايدۇ نەغمە - ناۋا تاراپ تۇنگە،
ياشانغان سازەندە چال ھويلىسىدىن.
خوشنىلار يىغىلىشار تۇزۇپ بەزمە،
ھويلىغا گىلەم سېلىپ، كارۋات قويۇپ.
زوق بىلەن دۇتار چالار سازەندە چال،
كوزلىرى نۇر چاقنىغان يۇلتۇز بولۇپ.
ئاھ كۇيلەر! دولقۇنلىنىپ، دولقۇنلىنىپ،
تومۇزكى تاغ سۇيىدەك بېرەر بەھرى.
كوز يېشى ئۇرغۇپ كېلەر خوشاللىقتىن،
ياش يۇتۇپ تىڭشاپ قالار ئىشق ئەھلى.
نىمىشقا يىغلاتمىسۇن شادىيانە،
ھاياتقا ئىشق قويغان جامائەتنى.

چۈنكى بۇ دۇتار كۈيى — تىلسىز ناخشا
كۈيلەيدۇ كېلىچەكنى — سائادەتنى.
كۈي دىمەك يۈرەك سۆيى، ناخشا دىگەن —
تۇيغۇلار قوشقان قوشاق، ئەلنىڭ سوزى.
كۈيمۇ بار بۇ تارلاردا، ناخشىمۇ بار،
كۈيلەيدۇ ناخشا ئېيتىپ دۇتار ئوزى.
ئۇنىڭدا تىرىك جان بار، ھاياتى روھ،
دۇتارغا ئۇلانغان تار قەلب تارى.
دىللارغا سىڭگەن كۈيگە دىل تەلەكداش،
ئۇ، بوۋاي تۇيغۇلىرى، ئىپتىخارى.
قەدىمدىن دۇتارچى بۇ نۇرانى چال،
زىنداندا ئۇگەنگەنتى دۇتارنى ئۇ.
ياغاچقا تىماق بىلەن نەقىش ئويۇپ،
زىنداندا ياسىغانتى دۇتارنىمۇ.
بېشىغا كۈلپەت چۈشۈپ ياشلىق چېغى،
قاراڭغۇ يەر ئاستىدا ياتقان تالاي.
كوز تىكىپ ئېكىنىغا، گۈل يارىغا،
زىندانغا سالغان ئۇنى توھمەتچى باي.
گۈلخاندەك يالقۇنلىغان سىنىپى ئوچ،
شۇ جانسىز دۇتارغىمۇ غەزەپ بەرگەن.
زامانغا لەنەت ئېيتقان غەمكىن تارلار،
پەدىنى غەزەپ ئوزى تۈزەپ بەرگەن.
ئوت بولۇپ يانغان زىندان، ئاھاڭ ئوتى



تەككەندە بۈرجەكلەردىن - بۈرجەكلەرگە.
مەھبۇسلار تەلمۈرۈشكەن ئۇمىست بىلەن،
كۆن نۇرى قىيپاش چۈشكەن روجەكلەرگە.....

× ×

كوكلەمنىڭ كېچىلىرى ھەجەپ نەپىس،
تولۇن ئاي ئاق لەيلەدەك ئۈزەر كوكتە.
ئوتەر تۈن چالغۇ بىلەن، سوھبەت بىلەن،
ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر قالار كوپتە.

1964 - يىل ماي، قەشقەر.

## تۇغۇلغان يېزام

قۇياشلىق قىياپەت سۇيگۇنۇم مېنىڭ،
بۇگۇن ۋە كېلىچەك كورگىنىم مېنىڭ.

× ×

قۇياش گۇلدەستىسى گويا بۇ يېزا،
كومۇش نۇر ئېقىمى ئۇنى قۇچاغلار.
يىگىتلەر باغلىغان هالرەڭ پوتىدەك،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياتىدۇ تاغلار.
چوققىلار باش قويغان ئاپپاق بۇلۇتقا
بۇ تەنها چوققىلار تەبىئەت ئىشى.
بىر تۇتام چىچەكتەك بۇ تاغلىق يېزا،
ئۇنىڭ گەۋدىسىدۇر تاغلار ئوركىشى.
چىچەكتەك ۋە ياكى كۇمۇش پىيالە،
لېمۇ - لىپ تولغان ئۇ قىزىل شاراپقا.
يېزامنى كورمىگەن مەن ئۇزاق زامان،
كوزلىرىم چاقنىدى قاراپ ئەتراپقا.
بۇككىدە، قاراڭغۇ باغۇ - بوستانلار،



مۇقەددەم سايلارغا تاشلايدۇ سايە.
يېنىك تەۋرىنىدۇ چىمەن دۇنياسى،
سالقىن شاماللارغا قىلىپ رىيايە.
ئادەملەر ياشايدۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ،
نۇرلۇق نەزىرىدە پارلاق بىر غايە.
ئادەملەر ئىشلەيدۇ چەكسىز زوق بىلەن،
مېهنەتچان قوللاردا تالاي هىكايە.
بۇ قوللار ئەسىرى سايغا بېرىپ جان،
سېغىزلىق، تاشلىقتىن ئالىدۇ ئاشلىق.
گىياسىز تۇزلەڭلەر، تاغ جىلغىلىرى
بۇ قوللار هوكمىگە بولغان قاراشلىق.
بۇ قوللار ياراتقان تاغلىق يېزىدا،
سالا ئورمانلىرى، سالا ئېتىزلار.
روهلىنىپ شىخەنزە گۇلى ئىشقىدا،
ئىشلەيدۇ يىگىتلەر، ئىشلەيدۇ قىزلار.
تاناپتەك ئوستەڭلەر، كۇمۇشرەڭ كوللەر،
ئالەمگە كوز ئاچقان ئاشۇ قوللاردىن.
زامان قۇدرىتىنى ئېلىپ دالىغا
تىراكتۇر ئوتىدۇ يېڭى يوللاردىن.
پەسىللەر ئالمىشار، چۇشمەيدۇ كەتمەن،
هور مېهنەت كۇچ بەرگەن قاۋۇل بىلەكتىن.
قۇياش گۇل دەستىسى ئۇلغىيار هامان،
دىللار يالقۇنىدىن،
ئارزۇ - تىلەكتىن.

1964 - يىل. ماي، ئاتۇش ئاغۇ.

## مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم

ئۇلۇغدۇر مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم،
شان - شەرەپ ئاسمىنىدا قانات قاققان.
ئانا ئەل تۇپرىقىدا بولۇپ بىنا،
تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئۇزاق زامان.
ئۇلاردۇر يىرتقۇچلار ئۇگىلىغان —
توقايدىن مەنزىل ئېلىپ يۇرەلىگەن.
ئۇلاردۇر بوران - زۇلمەت تۈنى ئارا،
كېلىچەك كۈننى روشەن كورەلىگەن.
ئۇلاردۇر ئۇزۇن تومۇر يوللىرىدا،
مېھنەت ۋە چېلىش بىلەن زەپەر تاپقان.
ئۇلاردۇر زىندانلاردا، دار ئالدىدا،
ئولۇمنىڭ كوزىگە تىك كۈلۈپ باققان.
ئۇلاردۇر ئەجەل ياغمىش ئوقيالارغا،
گاڭ قالقان قىلالىغان گەۋدىسىنى.
ئۇلاردۇر جەڭ ئىچىدە، ئوت ئىچىدە،
ئىزىغا تەييارلىغان نەۋرىسىنى......
دەۋرلەر تارىخىدۇر شۇنچە ئۇزاق،
بۇ تارىخ ئىبارەت يىل - ئەسىرلەردىن.



چەكسىز يول بەرپا قىلغان بىزنىڭ خەلق،
ئىزمۇ - ئىز بېسىپ ئۆتكەن نەسىللەردىن.
ئولمەستۇر مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم،
بۇ نۇرلۇق يول ئىشقىدا بەرگەن جانلار.
ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن تۇغۇلماقتا،
مىڭلىغان - مىليونلىغان چېلىشچانلار.
ئۇلارنىڭ ئولمەس روھى مەدەت ماڭا،
مەدەتتۇر سانسىز سادىق نەۋرىلەرگە.
ئەبەدى ئۇنتۇمايمەن گۈل تېرىشنى،
بوۋىلار ياتقان ئەزىز قەۋرىلەرگە!

1964 - يىل ماي، ئاتۇش.

## گۈل يوپۇرماقلىرى

پەرەڭگە ئورۇلىدۇ ئاتسا ھەر تاڭ،
قىزىلگۈل توقايلىقى ئۈسكەن ماكان.
جۇھەررەڭ يوپۇرماقلار توكۇلگەندە،
تاڭدىكى شەپەق بولار تەكلىماكان.
يوپۇرماق گىلەم بولۇپ يېيىلغاندۇر،
دىللارنى چۇلغايدۇ ئۇ، ئويىنتىدۇ.
ئۇرغۇغان سالقىنىمىكىن ياكى پۇراق،
پىكىرنى غىدىقلايدۇ، ئويغىتىدۇ.
ئالدىمدا ياتار شۇنداق ساھىپ چىراي
قۇملۇقلار ئىچىدىكى گۈل ۋادىسى.
ئويلايمەن، يوپۇرماقنىڭ ھەربىر تېلى،
مېھنەتنىڭ ھاياتپەرۋەر ئىرادىسى.
ئاي - يىللار مۇقەددەمدۇر بۇ يەردىمۇ،
بورانلار ھۆكىرىگەن، قۇملار كوچكەن.
ئوۋچىلار ياققان گۈلخان تۈندە يانسا،
قوشۇلۇپ ئوۋچى بىلەن تاڭدا ئۆچكەن.
چولدىكى يۇلغۇنلارنىڭ ئىڭاڭلىشى،
ھاياتسىز تىلسىماتقا مۇڭ تاراتقان.



تىنىمسىز دولقۇنلىغان قۇم ئۇركىشى،
ھەممىنى يۇتقان پەقەت قۇم ياراتقان.
نىھايەت، مېھنەت ئەھلى ئىجادىدىن،
بۇ چولگە بىر جانلىنىش كىرىپ كەلگەن.
ئەسىرى ياۋايىلىق سەھراسىغا،
ھاياتلىق بۇركۇت بولۇپ يېرىپ كەلگەن.
لېكىن چول چەكسىز ئىدى ۋە غەزەپلىك،
ئەتىسى ۋەيران بولمىش بۇگۇن تەرگەن.
دىخانلار يەنە تېرىپ، يەنە تېرىپ،
قۇم - بوران زەربىسىگە چىدام بەرگەن.
بولغاندۇر تالاي مۇشكۇل، تالاي تارىخ،
بۇ ئېغىر كۇرەشلەرنىڭ ھەر پەللىسى.
قىينىلىپ چۇشكەن ساغلام بوۋاق بولۇپ،
تۇغۇلدى تەكلىماكان مەھەللىسى.
خامانغا ئايلانماقتا ئەمدى قۇملار،
كەينىگە چېكىنىشكەن، يوقۇلۇشقان.
بىپايان چولنىڭ ئىچى، بىر پارچىسى
ئالتۇن دان، قىزىلگۇلگە تولۇپ قالغان.
پەرەڭگە ئورۇلىدۇ ئاتسا ھەر تاڭ،
قىزىلگۇل توقايلىقى ئۇسكەن ماكان.
جۇھەررەڭ يوپۇرماقلار توكۇلگەندە،
تاڭدىكى شەپەق بولار تەكلىماكان.

× ×

قىزىلگۈل! شۇنچە كوپكى توقاي - توقاي،
بولامدۇ ئۇنى ئۇزۇپ تۇگەتكىلى.
توكۇلگەن يوپۇرماقتىن تىرىپ ئالدىم،
دوستلارغا ئاتاپ يىراق ئەپكەتكىلى.

1964 - يىل ماي، قاغىلىق.



## تۇن كېچە — دىلبەر كېچە

زىمىنغا راھەت ئۇيقۇ بېغىشلايدۇ،
ئېپەك تور تاشلىغاندا سالقىن كېچە.
ئاق تېرەك كەينىدىن ئاي مارىلايدۇ،
ئاق تېرەك ئۇگىدەيدۇ تاڭ ئاتقىچە.

بۇ كۇمۇش دەرەخ مەنزىل، دەرەخ تەنھا،
ئۇ مەپتۇن گۈزەللىككە چومۇلىدۇ.
قاتمۇ - قات دولقۇنلىنىپ ياتقان تاغلار،
بىر دەريا خىياللارغا كومۇلىدۇ.

بۇ جەنۇپ ئوتلاقلىرى ھەجەپ ئېسىل،
ئىلاھى پەرىمىكىن نازلىق ياتقان!
ئاپپاقتۇر سىرلىق دارا، تاغلار ئاپپاق،
ئايمىكىن، بۇلاقمىكىن نۇر تاراتقان؟

نەدىدۇ ياش مالچىنىڭ چالغان نېيى،
ئوتلاقتا ئارام بېرەر بولۇپ ئەللەي.
ئۇيقۇسى قاچقان ئۇنىڭ، كوڭلى يورۇق،
يار بولۇپ يورۇق يۇلتۇز، بەختى تەلەي.

ئۇخلايدۇ ئەمما چاللار، ئوتلاق ئەھلى،
دىلبەر تۇن ئارامىدىن بەھرىلىنىپ.

تۈن كېچە كۈلۈمسىرەپ ئۆتەر ئىللىق،
باھادىر ئۇيقۇسىدىن پەخىرلىنىپ.
سۇ ئىچكەن دىلى زەپەر ئىلھامىدىن،
ئۇخلايدۇ پەقەت شۇنداق نادىر جامال.
كىم بىلىپ تاپالايدۇ ھىساۋىنى،
ئاسماندا يۇلتۇز كۆپمۇ، ئوتلاقتا مال!
ئاق تېرەك ئۈگىدەيدۇ، مەن ئويغاقمەن،
چاقنىغان يۇلتۇزمىكىن ياكى كۆزۈم؟
ئوتلاقتا مېھمان بولغان دىلبەر كېچە
بىر لىرىك مەجنۇن بولۇپ قالدىم ئۆزۈم.
زىمىنغا راھەت ئۇيقۇ بېغىشلايدۇ،
ئىپەك تور تاشلىغان بۇ سالقىن كېچە.
ئاق تېرەك كەينىدىن ئاي مارىلايدۇ،
ئاق تېرەك ئۈگىدەيدۇ تاڭ ئاتقىچە.

1964 - يىل ماي، قاغىلىق - كۆكيار.



## تاغ بۇلاقلىرى

تىك تاغلار كۆتىرىلگەن ئاسمان - پەلەك،
يېشىللىق قەدەھ بولمىش تاغلار ئارا.
ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئاسمان پارچىسىدەك،
جىلغىغا يوشۇرۇنغان قارلىق دارا.
بۇ يىراق تاغلار ئىچى خىلۋەت قىشلاق،
شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ قىشى ۋە ياز.
ئادەملەر ياشالايدۇ مۇندا پەقەت،
جاھاننى قاپلىغاندا قارلىق ئاياز.
يەر ئىسسىپ باھار كەلسە قار كېتىدۇ،
دارىنىڭ قارلىق نامى قالار يىراق.
ماللىرى سۇسىز قالغان قىشلاق ئەھلى،
تاغ ئېشىپ، داۋان ئېشىپ كېتەر يىراق.
ئۇلار چەت يايلاقلاردا ئارمان بىلەن،
تۈگىمەس يېشىللىقنى ئېتىدۇ يات.
ئوتكۈنچى بۇلۇت تۆككەن سىم - سىملارغا،
ئۈمىتلىك باقالمايدۇ لېكىن ھايات.
دارىنىڭ سىزىپ چىققان نەملىكىدىن
پەقەت تاغ بۈركۈتلىرى تاپار نىجات.

بۇ نەملىك كوپەيمەيدۇ، يوقالمايدۇ،
ئاجايىپ رىۋايەتلەر قىلىپ ئىجات.
كېچىسى كورۇنگەن ئوت يېقىن ئەمەس،
مۇمكىندۇر ئەمما ئاڭا بېرىپ يەتمەك.
تاغلىقلار خىيال قىلدى قاپتاللارنى
تىك دىمەي ئېچىپ سانسىز بۇلاق ئەتمەك.
ئادەملەر ئىشەنچ بىلەن بولقا تۇتتى،
تاشلارغا ئېسىپ قويۇپ ئوزلىرىنى.
نىھايەت بىنا قىلدى ئۇلار تاغدىن،
ئېتىلىپ چىققان بۇلاق كوزلىرىنى.
زىلزىلىگە كەلدى تاغلار، چوڭقۇر تاران
تاغلىقلار مەشرىپىدىن جانلانغاندا.
كىيىكلەر تۇرۇپ قالدى هاڭ-تاڭ بولۇپ،
دارىدا ئادەم ئۇنى ئاڭلانغاندا.
ناۋاترەڭ كۇزلەك بولدى خىلۋەت قىشلاق،
ئايلاندى ئوت-سۇيى كوپ يايلاقىمۇ.
ماللىرى روناق تاپقان بۇ تاغلىقلار،
ئېرىشتى ئاخىر قىزىل بايراقىمۇ.
چۇغلۇقلار قاپلاپ كەتكەن تاغۇ-تاشتا
ئوينىدى سەكرەپ باهار ئوغلاقلىرى.
چۇغلۇق رەڭ قىزىللىقتىن كۇلۇپ شۇنداق،
دۇنياغا كوز ئاچتى تاغ بۇلاقلىرى.



× ×

تىك تاغلار كوتىرىلگەن ئاسمان-پەلەك،
يېشىللىق قەدەم بولمىش تاغلار ئارا.
ئۇزۇلۇپ چۇشكەن ئاسمان پارچىسىدەك،
بۇلاقلار ئولكىسىدۇر قارلىق دارا.

1964-يىل ئىيۇن،
قاغىلىق-كوكيار.

## ئەنبا

مۇنبەت تاغ - قىيالاردا ئارچا ئۆسەر،
ھۆسنىدۇر مەڭگۈ يېشىل، مەڭگۈ زىبا.
بىپايان يايلاقلاردا كېزىپ يۈرەر،
ئارچىدەك خۇش ھىد بولۇپ ئۆسكەن ئەنبا.
خوشاللىق ئېلىپ بارار ئوتاۋلارغا،
دوختۇر بوپ يېتىشكەن بۇ تاجىك قىزى.
باھار - ياز، قىشى - ئاياز سەپەردە ئۇ،
جىلغا ۋە جىرالاردا قالار ئىزى.
كۈمۈشتىن نەقىشلەنگەن گۈللۈك پوپۇچ،
رەڭمۇ - رەڭ گۈل يارىتار بۇ ئىزلاردا.
ياقۇت رەڭ شولىلىرى چاچتەڭگىنىڭ
قالدۇ بۇلاقلاردا، يۇلتۇزلاردا.
ھۆسنىگە ھوسۇن قوشقان قۇلاق چېچى
قوشاقلار تىزمىسىدەك ھالقا - ھالقا.
كوك ئاسمان بوشلۇقىدەك مارال كوزلەر،
زوق بىلەن تىكىلىدۇ ئىستىقبالغا.
خالاستان بويلىرىغا بېرىپ زىننەت،
ئارچىدەك پاشنىماقتا بۇ ئەنبالار.



زامانە ھوسنى يەڭلىغ يالتىرايدۇ،
بويىنغا ئاسقان قلتار كەھرىۋالار.
شۇنداقمۇ ئەنبا ئۆتكەن ئىدى لېكىن،
تەقدىرى ئېسىلماقتۇر مەجنۇن تالغا.
تۇن رەڭگى ئەكس ئەتكەن قۇلاق چېچى،
قۇللۇقنىڭ زەنجىرىدەك ئىدى ھالقا.
مۇڭ بىلەن شىلدىرلىغان چاچ تەڭگىسى،
قامچىنىڭ دەستىسىدەك پارقىرايتتى.
گۈل ئىدى، سولغۇن ئىدى بۇ ئەنبالار،
سوڭگىگى يايلاقلاردا ئاقىراتتى.
بىپايان يايلاقلاردا ئەركىن كېزەر،
ئارچىدەك خۇش ھىد بولۇپ بۈگۈن ئەنبا.
مۇنبەت تاغ - قىيالاردا ئارچا ئۆسەر،
ھۆسنىدۇر مەڭگۈ يېشىل، مەڭگۈ زىبا.

1964 - يىل ئىيۇن، كوكيار.

## مەن كوئېنلۇندا

قار يالاپ تۇرۇق ئېتىم يۈگەن بىلەن،
مۇز باسقان داۋانلاردىن ئۆرلىمەكتە.

× ×

ئۆركىگەن بۈركۈت چۈشۈپ كەتتى كوككە،
مەن ئۇنىڭ ئۇۋۇسىغا يولەنگەندە.
ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدىم قىيادىكى
يۇمشاق قار تۇمانىغا بولەنگەندە.
ئېتىمدىن چۈشكەن ئىدىم، ئات ئىككىمىز
ئاسمانىنىڭ راۋىغىدا ئىدۇق گويا.
ئاستىغا باققىم شۇئان پىقىرىدى،
تاغۇ - كوك قۇچاقلاشقان چەكسىز دۇنيا.
كوزۇمنى ئالدىم كوكتىن، تەسىراتلار —
كۆمۈشرەڭ بۇلۇتلاردەك ئوراپ ئالدى.
كوئېنلۇن ئىترەتكەن قەلبىم مېنىڭ،
نافارىس چېچەكلىرى بولۇپ قالدى.
نافارىس قاردا ئوسەر، بۇ چېچەكلەر
قىيادا ئېچىلماقتا كۈلۈپ شۇدەم.
ئويلىدىم، تەبىەتتىن يۈكسەك ئىدى،



مەن كورگەن قۇدرەتلىك ئوبراز — ئادەم!
ماللىرى پادا - پادا يېشىل ئوتلاق،
ئىلھامدۇر تاغلىقلارغا، قىرى - ياشقا.
بىر جاھان چوققۇرلۇقتا تاغ مەلىسى،
ئۆرۈكلەر چىرمىشقان تاغۇ - تاشقا.
ئادەملەر ياشار قارلىق قىيالاردا،
قۇش ئۇچۇپ ئوتەلەيدۇ ئۇندىن ئاران.
ئادەملەر ياشايدۇ ساي - جىرالاردا،
ئادەملەر ماكانىدۇر مۇزلۇق تاران.
مەن كورگەن دارىلاردا، ئوتلاقلاردا،
ئادەملەر ياشاش ئۈچۈن ئالدىراشقان.
سائادەت تاپقان تاغلار يۇلتۇز كەبى
قۇياش - قار نۇرلىرىدا يالتىراشقان...
ئېتىمنى يېتىلىدىم، ئات ئىككىمىز،
ئاسمانىنىڭ راۋىغىدا ئىدۇق گويا.
ئاستىمغا باققىم يەنە، يالتىرىدى،
تاغۇ - كوك قۇچاقلاشقان قارلىق دۇنيا.

× ×

قار يالاپ تورۇق ئېتىم يۈگەن بىلەن،
مۇز باسقان داۋانلاردىن ئورلىمەكتە...

1964 يىل ئىيۇن،
غەربىي كوئېنلۇن - پولۇك داۋانلىرى.

## شىنياڭ ئىشچىسىغا

قولۇڭنى سىقىمەن شىنياڭ ئىشچىسى،
پولاتنىڭ تەپتى بار كەڭ ئالقىنىڭدا.
يۈرىكىڭ دومنا پىچ،
مىتال ئېقىملىرى
ئۇزىدۇ قېنىڭدا. تومۇرلىرىڭدا.
قولۇڭنى سىقىمەن شىنياڭ ئىشچىسى،
جەڭ تاتۇقلىرى
مېھنەت قاداقلىرى
گۈل بولۇپ ئېچىلغان سېنىڭ قولۇڭدا.
بۇ قول
غەزەپتىن نەيزە بولۇپ،
نەپرەتتىن قالقان،
ياپون قىلىچى بىلەن ئېلىشقان يەككە
ئېلىشقان،
قان دەريالىرى كۆمۈپ شەھەرنى
ئورىلار توشقاندا تىرىك جەسەتكە.
بۇ قول،
سۆگەك ۋە تېرە ئىدى ئۇ ئېغىر زامان،



لېكىن
ئېغىر زەمبىرەكلەر،
بىرون تانكىلار
باستۇرۇپ كىرگەندە تەرەپ-تەرەپكە،
تىققاندى ئۇلارنى مەھكۇم خەندەككە.

خارابە سېخلاردۇر ئېغىر ياتقۇدا،
بۇ قوللار تىكلىدى ئۇنى ئويغىتىپ.
تاڭلىرى بولقا بولدى
تۈنلىرى ئىندكەك،
سانسىز زاۋۇتلارنى چىمقىتى ئورنىتىپ.
مىڭ ئەلا ئىدى قول
ھور ئىدى بولقا،
ئۆزگىنىڭ مىننەتلىك بازغانلىرىدىن،
شۇيياجى تۇغۇلدى ئۇنى چىڭ تۇتۇپ.
بۇ قول بار،
كۆن يورۇق،
ئىستىقبال گۈزەل،
شەھەر ئىلگىرىلىمەكتە تولپار ئويىنتىپ.

قولۇڭنى سىقىمەن شىنياڭ ئىشچىسى،
پولاتنىڭ ۋەزنى بار كەڭ ئالقىنىڭدا.
يۈرىكىڭ دومنا پىچ،
مىتال ئېقىملىرى
ئۇزىدۇ تېنىڭدە، تومۇرلىرىڭدا.

قولۇڭنى سىقىمەن شىنياڭ ئىشچىسى،
قولۇڭدىن قەلبىمگە ئۆتەر هارارەت،
جەڭ تاتۇقلىرى،
مېھنەت قاداقلىرى،
گۈل بولۇپ ئېچىلغان سېنىڭ قولۇڭدا.

1964 - يىل ئاۋغۇست، شىنياڭ.



## جەرىم دىخىنىغا

ئۆگەنگىلى كەلدىم يىراقتىن،
دىخان ئاتا، قەدىردان ئاتا!
كەچمىشىڭنى يايدىڭ ئالدىمغا،
ئېغىر كۈنلەر تىزىلدى قاتار:

پاناسىز ئەل، قارلىق ئاي دالا،
بۇ، بورانىڭ قەدىم ئۆلكىسى…
توپ - توپ ئەجەل كېزىدۇ يۇرتتا،
مازارلاردا هۇقۇش كۈلكىسى…

قۇم باسقىنى مەنزىلسىز كارۋان،
ئېلىپ كېتەر هايات ئىزىنى.
لياۋخېدۇر يىرتقۇچ هايۋان،
هەر تەرەپكە تاشلار ئۆزىنى.

پومىششىكنىڭ قولىدا ئاتا،
ئامانەتتەك سېنىڭ هاياتىڭ.
قەددىڭ پۈكۈك، چاچلىرىڭدا ئاق،
دىلىڭ سۇنغان، سۇنغان قاناتىڭ.

ئۈگەنگىلى كەلدىم يىراقتىن،
دېخان ئاتا، قەدىردان ئاتا!
ئالتۇن يۇرتۇڭ، بەختلىك كۈنلەر،
كۆز ئەكسىگە تىزىلدى قاتار:

ئۈپۈقلاردىن - ئۈپۈقلارغىچە،
ئېتىز - ئورمان كورۇنەر پەقەت.
شىجائەتلىك دۆلەردە ھەر كۆز،
يېڭى ھىنگان كوتىرىدۇ قەد.

قارغاي سۈپەت قەددىڭدىن سېنىڭ،
سانسىز سوئال تاپىدۇ جاۋاپ.
كۆزلىرىڭدە نەننىۋەن روھى
تاڭ نۇرىدەك تۇرار يالتىراپ.

ئۈگەنگىلى كەلدىم يىراقتىن،
بۇ روھ ماڭا ھەممىدىن قىممەت.
شۇنداق ئاتا! بىز بۇ روھ بىلەن،
يەر ئۈستىدە قۇرىمىز جەننەت!

1964 - يىل سېنتەبىر، تۇگىياز.



## تاغ - دەريالار

كوكۇشرەڭ سەھەر ئىدى،
كۈمۈشرەڭ مەھەل ئىدى.
ئۈپۈق يۈزى ئېچىلىپ،
ئالتۇن نۇرلار چېچىلىپ،
ئويغاندى گۈل - گىيالار،
يالتىرىدى دەريالار.
يېتىپ كەلدۇق سالام، دەپ،
ئېھتىرامدا قول تەگلەپ،
يەنبىيەن دىگەن ۋادىغا،
قېرىنداشلار ئالدىغا.
قارشى ئالدى چوڭ - كىچىك
مېھرىۋان قۇچاق ئېچىپ.
قىزلار مەرھابا، دىدى،
قەدىردان ئاكا، دىدى.
ناخشا ئېيتتى بۇلاقلار،
ئەگىلدى بوۋاقلار.
بىز مىنۇتتا ئوزلەشتۇق،
خوشال - خورام سوزلەشتۇق.

سائادەتلىك نۇر ۋادا،
گۈزەل ۋادا، گۈل ۋادا.
ئاڭا باقتىم، يايرىدىم،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىدىم.
كوز تاشلىساڭ قاياققا،
بايرام كەبى ھاياتقا،
چاڭبەيشەن دىل تارىدەك،
تۈمەنجياڭ باھارىدەك،
مەڭگۈلۈكنى سىزىسەن،
شاتلىق ئارا كېزىسەن.
توراجىنى① ياڭرىتىپ،
تاغلارنى جاراڭلىتىپ،
دۇمباق چالار بوۋايلار،
ئۇسۇل ئوينار مومايلار.
يۈز كورۈشتۈق تۇتقانلار،
بىر بىرىنى ئۇتقانلار.
قوللار - قولغا ئالماشقان،
تاغ - دەريا قۇچاقلاشقان.

1964 - يىل سېنتەبىر، يەنبيەن.

① چاۋشيەن خەلق ناخشىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.



# پەسىل قوشىغى

نۇرلۇق كۈلۈپ ئالتۇن كۈز كەلدى،
پەسىل يېڭى باھار ئەكەلدى.
كۈلگەن جەننەت باغلىرىم مېنىڭ،
تالقان توكتى چاغلىرىم مېنىڭ.
كەڭ كوللەردە لەگلەك ۋاقىرار،
خامانلاردا ئالتۇن پاقىرار.
تۈندە كوكتە كۈلەر تولۇن ئاي،
كوچىلاردا ياشنايدۇ قارىغاي.
چىراي قاتقان تەبىەتكە كۈز،
ياش يىگىتتەك مەغرۇر تالا - تۈز.
قەيەردىدۇ چىرىك پەسىللەر،
ياسىماقتا قۇمدىن قەسىرلەر.
ئۇندا كۈلۈپ ئاتمايدۇ تاڭلار،
توكۇلمەكتە مەغلۇپ غازاڭلار.
نۇرلۇق كۈلۈپ ئالتۇن كۈز كەلدى،
پەسىل يېڭى باھار ئەكەلدى.
ئېچىلماقتا يەنە گۈل - چىچەك،
نۇرلانماقتا گۈزەل كېلىچەك.

1964 - يىل ئوكتەبىر، بېيجىڭ.

## يىللار توغرىلىق ناخشا

يىللار ئامراق، يىللار تەلپۈنەر،
غالىبلارنىڭ قۇچاقلىرىغا.
يىللار ئامراق، يىللار تەلپۈنەر،
چېنىش - شاتلىق قوشاقلىرىغا.

× ×

يەنە بىر يىل ئۆتتى شان بىلەن،
قەلبىدە لىق تەنتەنە ھېسسى.
ئېلىمىزگە كەلدى يېڭى يىل،
لەۋلىرىدە ئارزۇ كۈلكىسى.
بىز چېنىشچى — چىچەكلەتكۈچى،
ئۇنىڭ ئۈمىت - ئارمانلىرىنى.
خوشال قىلار يىللارنى چەكسىز،
قىزىل يۈرۈش كارۋانلىرىنى.
بىزنىڭ كۈرەش، بىزنىڭ ئىنقىلاپ،
يۈكسەلدۈ يىللار قوينىدا.
بىز غالىبلار، يېڭى باتۇرلار،



ئەل ئىشەنچى باتۇر بويىدا.
شاتلانىمىز، سۆيۈنىمىز كىم،
مېھنەت زوقى — سائادىتىگە.
بىناكارلار... كۈنلەر داۋامى،
خىش قويىدۇ ئىمارىتىگە.
ئىز قوغلىشىپ ئايلار ئۆتىدۇ،
يېڭى بىنا كۆتىرىدۇ قەد.
ئۇنىڭ قەدرى — خوشاللىقىنى،
ھېس قىلىدۇ قۇرغۇچى پەقەت.
تەر تۆككۈچى بىناكار ئۆزى،
كۆتىرىلەر بىنا بىلەن تەڭ.
يىراقلارنى كۆرىدۇ كۆزى،
مەنزىرىلەر ئېچىلىدۇ كەڭ.
بىز ئىنقىلاپ بىناكارلىرى،
ئۆسكەن چېنىش قايناملىرىدا.
غەلىبىلەر تەنتەنىسىنى،
كۈيلەيمىز يىل بايراملىرىدا.
بىز تارىخنىڭ يېڭى باتۇرى،
يىل ئۈمىدى باتۇر بويىدا.
بىزنىڭ مەغرۇر ناخشىلىرىمىز،
جاراڭلايدۇ يىللار قوينىدا.

1964 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

## ئاي قارايدۇ دەرىزىدىن...

كوزۇم ئۇزەر ئاي ئىزىدىن،
ئاي قارايدۇ دەرىزىدىن.

چوگىلەيدۇ دۇنيانى ئاي،
ئۇي كېزىدۇ قەلبىم تالاي.
تۇغۇلغاندا قارا يېتىم،
بىر ئاسراندى سەبى ئىدىم.
بولدۇم تاڭدا ئۇماق گودەك،
يولۇم پارلاق، ئۇمرۇم نۇردەك.
بەخت كۆيى ئېيتىپ ئەللەي،
پىشانەمدىن سۆيدى تەلەي.
قەلبىم تولۇپ گۈل - چېچەككە،
مەغرۇر باقتىم كېلىچەككە.
ئۇستۇم تېتىك، كوڭلۇم يورۇپ،
ماي ئىچىدە بورەك بولۇپ...
...................
هايات يولى كوز ئالدىمدا،
ئەلنىڭ غېمى خىيالىمدا.
خىيال سۇرۇپ تاڭ ئاتقىچە،



ئۇيقۇسىز مەن كېچە - كېچە.
ئۇي - پىكرىمنى ئوراپ ئالار،
ئۇمىت، تەشۇىش، خوشاللىقلار...

× ×

كوزۇم ئۇزەر ئاي ئىزىدىن،
ئاي قارايدۇ دەرىزىدىن...

1965 - يىل يانۋار، ئۇرۇمچى.

## ئادەت

× ×

دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ھەربى دوختۇر،
ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرار مەلىمىزگە.
يېنىدا قىزىل كىرىست سومكىسى بار،
تونۇشقاندەك بولۇپ قالغان ھەممىمىزگە.
ئۇ كەلسە ئاغرىقلارنىڭ تەن ئازاۋى
بىردىنلا بوشاشقاندەك تۇيۇلىدۇ.
باھارنىڭ ئاپتىۋىدەك ئۇنىڭ مېھرى
بىتاپقا ساپ قان بولۇپ قۇيۇلىدۇ.
ئۇنىڭدىن شىپا تاپقان بوۋاي ئېيتار:
"دۇنيادا يەنە تالاي ياشار بولدۇم.
يىگىتچە قۇۋۋەت كىردى بىلىگىمگە،
سۆزسىزكى، يۈز ياشلاردىن ئاشار بولدۇم".
شۇ قىزنىڭ ھاياتبەخش قولى بىلەن،
دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ يېڭى بوۋاق.
ئاي - يىللار ئۆتۈپ، ساغلام ئۆسكەندە ئۇ:
"جېپاگچۈن ھەدەم ياخشى!" دەيدۇ ئوماق.
ئۇ مەيلى بوران چىقسۇن، يامغۇر ياغسۇن،
ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيدۇ بۇ ئادىتىن.



دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ ئارامىنى
ئىزلەيدۇ ئۇ ئومۇمى سائادىتىن.
ھەممىگە قەدىرلىكتۇر ياخشى ئادەت.
قىز چاچتى مۇنبەت يەرگە قىزىل ئۇرۇق.
لېي فېڭچە ئۇلۇغ خىسلەت تارقالدى تېز.
بىر ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقتى مىڭ تال بولۇپ.
ئۆگەندۇق ھەممە ياشلار جەڭچى قىزدىن،
دەم ئېلىش كۈنلىرىمىز ئالدى مەنا.
ھەر كۈنى ئاخشىمى ۋە كۈمۈش تاڭلار،
ياخشى ئىش قىلىش ۋاقتى بولدى مانا:
كونا ئۆي، ئەسكى كۆۋرۈك نەدە بولسا،
ئەتىسى يېڭى بولۇپ كۆتىرەر قەد.
كاپالەت ئائىلىسى، ياشانغانلار
ئۆتۈن، سۇ غەملىرىنى يىمەس پەقەت.
بىز چاپقان ئۇستەڭلەردە دولقۇنلىنىپ،
تاغ سۈيى ئاقار يېقىن - يىراقلارغا.
بىز تىككەن مەجنۇنتاللار، سۆۋادانلار
سايە سېپ ئېگىلىدۇ بولاقلارغا.
بىز قىزىل ناخشىلارنى ياڭراتقاندا،
جور بولار ناخشىمىزغا يېقىن - يىراق.
يېڭىچە ئادەت، ئىستىل ئەۋج ئېلىپ،
ھەر بىر كۈن ئۆتەر شۇنداق قىزغىن، قايناق.

× ×

دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ھەربى دوختۇر،
ئۇزۇلېي كېلىپ تۇرار مەلىمىزگە.
قەلبىدە قۇياش ياندىن بۇ جەڭچى قىز
چىن ئۇستاز بولۇپ قالدى ھەممىمىزگە.

1965 - يىل ماي، غۇلجا.

# دالا مەشقى توغرىلىق ناخشا

(جەڭچىلەر ئاغزىدىن)

ئاسماندىن چېچىلار چىچەك چاچقۇسى،
كەڭ زېمىن مىسالى بىر ئاقۇش دۇنيا.
قار توختاپ چىقسا كۈن، چوققىلار چاقناپ،
تۇمانلار ئۈستىدە لەيلەيدۇ گويا.
ۋەتەندە باشلاندى كۈمۈش رەڭ پەسىل.
مەشققە ئاتلاندى جەڭگىۋار نەسىل.

بىز ئازات خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى،
خەلقنى، ۋەتەننى قوغداش ئەھدىمىز.
جىسمىمىز تاۋلىنار دالا مەشقىدە،
تاۋلىنار ئوت بولۇپ يېنىپ قەلبىمىز.
ئىرادە، ۋەدىمىز ۋەتەننى گۈللەش،
غەلبىلىك يۈرۈشلەر ئەۋجىدە ئۆرلەش.

جاسارەت، غەيرەتتە تاشلايمىز قەدەم،
ئىنقىلاپ قورالى قوللىرىمىزدا.

كورىمىز: ۋەتەننىڭ ئىلىم قوشۇنى
ئىشقا بېرىلگەن جانۇ - تەن بىلەن.
يېڭىچە ئىلھامدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ،
مەشغۇلدۇر قەلبىدىن سۆيگەن پەن بىلەن.
ئۇلاردا تەتقىقات، ئىزلىنىش، كۈرەش...
شىجائەت، ئىنتىلىش، چوققىغا ئۇرلەش...

قاتناشتۇق خەلقنىڭ يىغىنلىرىغا،
ۋە كوردۇق قوزغالغان غەزەپ ئەھلىنى.
ئەلەمدىن يۈرىگى قان بولغان خەلق
تۇت فاشىست ئۈستىدىن توكەر دەردىنى.
دەرت توكەر ئىسلاھات يىلى تۇنجى رەت،
پومىشىك ئۈستىدىن توككەن كەبى دەرت.

تاغلارغا كىرىمىز، تاغلار قاتمۇ - قات،
چوققىلار، قىيالار تۇرار كوك تىرەپ.
بۇلۇتلار كوكسىنى يېرىپ بارىمىز،
كوك مۇزلار ئىلكىدە ئۇندا ھەر تەرەپ.
كېزىپ بىز جىلغا - ساي، ئېشىپ داۋاننى،
يۇرۇشتە تاۋلايمىز تومۇر تاپاننى.

بەزىدە ئۇچىدۇ قار قۇيۇنلىرى،
يىگىندەك سانچىلار ئاچچىق شۇۋىرغان.
قار ئۇچۇپ، بۇلۇتتەك قاپلايدۇ كوكنى،

گۈللەنگەن چېگرىنىڭ شەھەر، قىشلىغى
نامايان بولىدۇ يوللىرىمىزدا.
كورىمىز ئەجرىمىز مىۋىلىرىنى،
كۆرەش ۋە قۇرۇلۇش غەلىبىلىرىنى.

كورىمىز زاۋۇتتا ھەر بىر ئىشچىنىڭ
دەريادەك جۇشقۇنلۇق ئىش ھاياتىنى.
سائەتلەپ. مىنۇتلاپ يارىتار بايلىق،
پىلانغا بېغىشلاپ ئىجتىھاتىنى.
گۆكىرەر ئىستانوك، قاينىماقتا ئىش،
سېخلاردا يېڭىچە يۈكسەك ئىنتىلىش ......

كورىمىز روھلانغان گۆگشى ئەھلىنى،
دەسلەپكى ئۈنۈمدىن سوزلىشەر خوشال.
تاغارلار تىكلەنگەن، ئامبارلار تولۇق،
تاغ، دەريا ھوسىندە يېڭىچە جامال.
ۋادىدا يېزىنىڭ قىز - ئوغلانلىرى
ياسايدۇ ئۇستەڭلەر، سۇ ئامبارلىرى.

باھاردا ئېچىلغان قىزىل لەيلىدەك
جىلغىدا چوغلىنار زەپەر بايرىغى.
ئېپتىخارلىنىدۇ تاغ نەسىللىرى،
مال بىلەن قاپلانغان قىشلىغى - تېغى.
شاتلىنىپ كۈيلەيدۇ... ياڭراق ناۋاسى،
تاغلاردىن قايتىدۇ ئەكس ساداسى.

ئېيىقتەك ھوكىرەر چالۋاقاپ بوران.
مىلتىقلار ئوقلانغىق، ھەر كۈن جەڭدە بىز
جەڭ ئوتى ئىلكىدە يانار قەلبىمىز.

بەزىدە كېزىمىز دەريا بويىدا،
مۇز يېرىپ، تاش يالاپ ئاقىدۇ دەريا.
دولقۇنلار قاينايدۇ چېچىپ ئاق چېچەك،
ئېقىنى بەيگىگە چۈشكەندەك گويا.
ئويلايمىز، ئەي ئېقىن، قالىسەن ئاقساق،
سۈرئەتتە بىز ھامان سېنىڭدىن چاپسان!

بەزىدە چۆللەرگە كىرىپ بارىمىز،
سوزۇلۇپ ياتىدۇ قۇملۇق باياۋان.
ھەيۋەتلىك ياڭرىتىپ يۈرۈش مارشىنى،
جانسىز كەڭلىكلەرگە بېغىشلايمىز جان.
ئۈپۈقلار لېۋىدە ياڭرىتىپ سادا،
تاڭدىكى شەپەقتەك بولىمىز پەيدا.

بەزىدە قونىمىز ئاي دالالاردا،
چاراقلاپ تۇرىدۇ يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
يۇلتۇزلار كۆڭۈلنى باشلار پىكىرگە،
قەلبىمىز يەر شارى بىلەن تۇتاشقان.
يۇلتۇزلار سۆزلەيدۇ: تېخى دۇنيادا،
زۇلۇم ۋە كۆز يېشى بولمىغان ئادا...



بەزىدە قونىمىز مەھەللەر ئارا،
كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ گۈللەنگەن يۇرتلار.
تازا ئۆي، ئىسسىق كاڭ، مېھرىۋان خەلق......
سوھبەتلەر ئەۋجىدە ھاردۇق ئۇنتۇلار.
شات - خورام ساھىپخان، قىزغىن ئائىلە
بەختىيار ھاياتتىن سۆزلەر ھېكايە.

تاڭ تېخى يورۇماي چىقىمىز يولغا،
نەيزىمىز يالتىرار ئاي شولىسىدا.
بىپايان يوللارغا تاشلايمىز قەدەم،
ئوت بولۇپ يانىمىز چېلىش ھېسسىدا.
بۇ يوللار باشلانغان بەكمۇ يىراقتىن،
ئۈمىدنىڭ يۇلتۇزى پارلىغان ياقتىن...

1978 - يىل مارت، كورلا.

## كېسىلگەن توغراق

ئەكەلدىم بازاردىن بىر ھارۋا ئوتۇن،
قار - مۇزلار ئىلكىدە قالغاندا جاھان.
سوغۇقتا بېرىدۇ قۇياش تەپتىنى،
مەش ئوتى — ئالتۇن رەڭ چېچەكلەيدىغان.
ئوتۇننى رەتلىدىم ۋە بايقىدىمكى،
ھەممىسى قۇرۇق شاخ ئەمەسكەن بىراق.
شاخلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى بىر تۈپ —
ياش ۋە ھۆل، يېڭىلا كېسىلگەن توغراق.
ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ياتاتتى جانسىز،
ئۆلۈم ئازاۋىدىن ئاچچىق تولغىنىپ.
ئانارنىڭ سۈيىدەك قانلىق كۆز يېشى،
كېسىلگەن جايىدا قاپتۇ مۇز بولۇپ.
مەن غالىپ ۋاقىتقا باغلىدىم ئىشەنچ:
ۋاقىت ھەل قىلىدۇ كۆپ مۈشكۈلاتنى.
ئۇ ياشنى قېرىتىپ، ھۆلنى قۇرۇتۇپ،
كۆيگىدەك قىلىدۇ سانسىز ھاياتنى.
ھۆل توغراق ھويلامدا ياتتى قىش بويى،
قەھرىتان سوغۇقلار مۇزلاتتى ئۇنى.



قىش ئۆتتى ۋە ئۇنى قويدى زەربىدە،
باھارنىڭ بورانلىق جۇدۇن - چاپقۇنى.
ياز كېلىپ باشلاندى ئىسسىق كۈنلەرمۇ،
بۇ توغراق ئاپتاپتا ياتتى ھالسىراپ.
ئويلىدىم، ھۆللۈگى يوقالدى بەلكى،
ئاپتاپ ۋە شامالدا قۇرۇپ - قاغجىراپ.
لېكىن كىم ئويلاپتۇ؟ مەن ھەيران قالدىم،
توغراقنىڭ ئاداققى، مەغرۇر ئىشىدىن:
تومۇزدا نوتىلار چىقتى بىخ سۈرۈپ،
ئۇنىڭ غول ۋە كېسىك يېغىشلىرىدىن.
دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ يېڭى بىخلار،
كېسىلگەن توغراقتىن تاپقان ئىدى جان.
نۇرلىنىپ تۇراتتى ئۇلار ياپ - يېشىل،
باھاردا ئويغانغان مايسىدەك يۇمران.
ۋە ھەممە ھاياتلىق بوغۇنلىرىدەك،
كۆزگە تاشلىناتتى بۇدرۇق ھەم ئوماق.
سەبى بىر نەزەردە بېقىپ جاھانغا،
كۈلەتتى بوشۇكتە كۈلگەندەك بوۋاق.
تۇغۇلغان بۇ بىخلار ئاپتاپ قوينىدا،
تەلپۈنۈپ تۇراتتى ئەركە ۋە ئويناق.
قەيسەر بىر ھاياتنىڭ ئۆلمەس كۈچىنى،
نامايان قىلاتتى كېسىلگەن توغراق.
بىلدىمكى، جاڭگالنىڭ بۇ نەۋقىرانى،
تېخى تىز پۈكمىگەن ئۆلۈم ئالدىدا.

ئۆلمىگەن، ئۆتسىمۇ شۇنچە ۋاقىتلار،
ئانا يىلتىزىدىن بولسىمۇ جۇدا.
ئويغاتتى پىكرىمنى قايناق كۈچ بىلەن،
كېسىلگەن توغراققا ياشنىغان نىھال.
توغراقنىڭ تەقدىرى توغرىلىق مەندە
قوزغالدى ئىلھاملىق، ئەركىن بىر خىيال.
ئويلىدىم: مېتالنىڭ قاتتىقى پولات،
تاۋلىنىپ چىقىدۇ يالقۇنلۇق ئوتتا.
قارغاينىڭ قامىتى ۋە يېشىللىقى،
دۇنياغا كېلىدۇ قاتتىق سوغۇقتا.
شۇ كەبى، توغراقنىڭ تەبىئىتىنى،
تاۋلىغان جاڭگالنىڭ جەۋرۇ - جاپاسى.
بوستانلار ماكانى ئەمەس ئۇنىڭكى،
ۋەتىنى — بىپايان قۇملار دۇنياسى.
ئۇ ئانا تۇپراقتىن تېپىپ ھاياتلىق،
كەڭ چۆللەر باغرىدا ئۆسەر تۇغۇلۇپ.
بىر زامان دەريالار ئاققان ئىزلاردا،
ياشايدۇ باراقسان بىر ئورمان بولۇپ.
ياز پەسلى ئالىدۇ ئۇنى قوينىغا،
قۇياشنىڭ يالقۇنى، چۆل بورانلىرى.
قىش كۈنى سوقىدۇ ئۇرۇپ ئاياۋسىز،
تىنىمسىز جەزىرە شىۋىرغانلىرى.
دەريالار قىلمايدۇ ئاڭا غەمخورلۇق،
ۋە ھېچكىم چۆل ئارا سۇغارماس ئۇنى.



ئېسىمگە يەتكەندە يوقىلايدۇ پەقەت،
ياز كەلگۈنلىرىنىڭ قىسقا تاشقىنى.
لېكىن ئۇ بەك ئۇزاق ئەسىرلەر بويى،
ياشنىتىپ كەلمەكتە ھايات پەسلىنى.
ئۆسمەكتە چۆللەردە يامراپ ھەرياققا،
ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ يېشىل نەسلىنى.
دەھشەتلىك زەربىلەر، ياۋايى ئىقلىم،
يوق قىلىپ كېتەلمەس دۇنيادىن ئۇنى.
ئۇ ھامان ئۆسىدۇ، بېسىپ كەلسىمۇ،
ئېقىندەك ئۈركەشلىك قۇملار دولقۇنى.
كېسىلگەن، تاشلاندۇق بىر ھالەتتىمۇ،
ئۇ مانا مۇشۇنداق گۈللەيدۇ يەنە.
يېشىل بىخ سۈرىدۇ خۇددى تىرىكتەك،
ھاياتى كۈچىنى قىلىپ تەنتەنە.
ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ گۈللەشلىرىدە،
يارىدار جەڭچىنىڭ كۈلۈشلىرى بار.
ئۆلۈمى ئالدىدىن ئاخىرقى قېتىم
قىلىچقا تايىنىپ يۈرۈشلىرى بار.
ئۇ گويا ھاۋادا ئوق يېگەن لاچىن،
بۇلۇتلار باغرىدا ياڭرىتار سادا.
ئۇ گويا زۇلمەتتە ئۆچكەن بىر يۇلتۇز،
نۇرلانغان ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا.
مەن ئاڭا تىكىلدىم مۇھەببەت بىلەن،
تۇغۇلدى قەلبىمدە مەغرۇر بىر قوشاق.
ئۆلمەس بىر خەلقنىڭ تىمسالى بولۇپ،
كۆرۈندى كۆزۈمگە كېسىلگەن توغراق.

1967 - يىل ئىيۇل.

## دىۋانىنىڭ ھەيكىلى

دىۋانە — ئىگىز بوي، ئۇزۇن ساقال چال،
تىلەيدۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا.
ساماندەك سارغىيىپ ئۇزارتىدۇ قول،
ئاشپۇزۇل يېنىدا،
دۇكان ئالدىدا.
شاماللار ئۇچۇرۇپ يۇرگەن غازاڭدەك،
بۇ چالنى ھەرياققا تاشلايدۇ ھايات.
ئۇ ئاجىز ئۇمىتتە جان تالىشىدۇ،
كوزىدە ئەلەملەر، قەلبىدە پەريات.
چال ئوزۇق ئىزلەيدۇ قېرى جىنىغا،
تىيىنلار بولىدۇ تاپقىنى ئاران.
شېئىرلار ئوقۇيدۇ چېلىپ ساپايى،
شۇنچىلىك ئاھاڭدار، شۇنچىلىك راۋان.
بۇ كىملەر، قاچاندا ياراتقان قوشاق،
دىۋانە ئوزىمۇ بىلمەيدۇ بەلكىم.
لېكىن ئۇ ئوقۇشقا باشلىغىنىدا،
يېنىدا توختىلىپ ئوتىدۇ ھەر كىم.
يىغىدەك تىترەڭگۇ مۇڭلۇق بىر سادا،



بولدۇقلاپ چىقىدۇ
مىسالى بۇلاق.
ئەسىرلەر نۇر چاچقان ئولمەس قوشاقلار،
روھىڭنى ئويغىتار،
سالىسەن قۇلاق.
ئويلايسەن سەنئەتنىڭ گۇزەللىگىنى،
سەنئەتكە نان كەبى مۇھتاجدۇر ئىنسان.
ئويلايسەن، تارىخىي بىر مەدىنىيەت
لوكچەكلەر قولىدا قىلىندى يەكسان.
چېقىشتى، تاشلاشتى ئەخلەتخانىغا،
تالانتلار ئەقلىنىڭ يۇلتۇزلىرىنى.
كورىسەن قۇترىغان ياۋايىلىقنى
كىتاپلار ئورنىدا كۇل ئىزلىرىنى.
نە كىتاپ، نە شېئىر، نە شائىر قالدى،
ھەممىسى ئۇستىدە كوتەردى ئىسيان.
خارابە دۇنيادا قالدۇق قەۋرىدەك
پەقەت مۇشت بىردىن - بىر ئالى ھوكۇمران.
شۇڭلاشقا كوچىغا چىققان كۇنلىرىم
مەن چالنى ئىزلەيمەن ئادەملەر ئارا.
مەن ئۇنى ئىزلەيمەن...
سالىمەن قۇلاق،
گۇزەل قوشىغا بولۇپ مەھلىيا.
قېرى چال بىر پارچە نان غېمى بىلەن،
دۇنيادىن بىپەرۋا ئوقۇيدۇ قوشاق.

ئۇ پەقەت دىۋانە بولغىنى ئۈچۈن،
قاماققا چۈشمەيدۇ، يېمەيدۇ تاياق.
ئەگىشىپ يۈرىمەن ئۇنىڭ كەينىدىن،
مەن ئاڭا ئەگەشكەن روھىي دىۋانە.
ئۇ ماڭا رادىيو، ئۇ ماڭا كىتاب،
ئۇ ماڭا نەشرىيات
ۋە مەكتەپ يەنە.
كەچلىرى خانەمگە قايتىپ كېلىمەن،
تۈنلىرى ئۇيقۇسىز سۈرىمەن خىيال.
قوشاقلار توغرىلىق ئويلار ئىكەنمەن،
قېرى چال كۆزۈمگە كۆرۈنەر دەرھال.
ئالدىمدا سەنئەتنىڭ قەۋرىستانلىقى،
كۆرىمەن ئەجداتلار سۆڭەكلىرىنى.
كۆرىمەن كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلانغان
خارلانغان ئەۋلاتنىڭ ئەمگەكلىرىنى.
گىرانىت بىر مۇنبەر يۈكسەلگەن ئۇندا،
ئەتراپى سۆڭەكلەر، قەۋرىلەر ۋە قان.
ئۈستىدە شۇ چالنىڭ مەرمەر ھەيكىلى،
بۇلۇتلار ئىچىدە كۆككە بوي تارتقان.
ھېچ ئەجەپ ئەمەسكى مېنىڭ خىيالىم،
ھەيكەلگە مۇناسىپ ئۇلۇغ سەنئەتكار.
پەقەت شۇ دىۋانە بۇ ئاي - يىللاردا،
بولماقتا سەنئەتتىن قالغان يادىكار...

1968 - يىل مارت.



## ئامىنە

ئامراقلىقى كېلەر باقسا ھەركىمنىڭ،
ئون ياشلارغا كىرگەن ئوماق بۇ قىزغا:
كىچىككىنە يۈزى ئۇنىڭ توغاچتەك،
شوخ كۆزلىرى ئوخشار يورۇق يۇلتۇزغا.
كىرپىكلىرى تۇرار تال - تال تۈكۈلۈپ،
ھىلال ئايدەك ئەگىمە ئۇنىڭ قاشلىرى.
تاۋلىنىدۇ خۇددى قۇندۇز رەڭگىدەك،
يەلكىسىنى ياپقان كوكۇل چاچلىرى.
ئورۇق جىسمى مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم،
ھەركەتلىرى يەڭگىل ئۇنىڭ ۋە چاققان.
سەكرەشلىرى خۇددى كىيىك بالىسى —
ئىللىق كۆكلەم ئاپتىۋىدا قىيغاتقان.
تارقىتىدۇ نۇر، ھارارەت، قىزغىنلىق،
بۇ — ھاياتنىڭ يېڭى يانغان گۈلخىنى.
خۇلقى ئەركىن، مەكتەپنى بىر ئالىدۇ
ئۇنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى، چۇقانى.
سەبى ئەقلى شۇنچە چېچەن ئۇندىكى،

كىنو كورسە ئەتىسلا دورايدۇ.
شاماللاردىن تېپىپ بەزەن مۇزىكا،
سايىسىگە قاراپ ئۇسۇل ئوينايدۇ.
خۇش كورىدۇ ئۇنى سىنىپ مەسئۇلى،
ۋە بىلىدۇ سىنىپنىڭ ئالدى دەپ.
نىشىنىدۇ چوقۇم گۇزەل بولىدۇ،
ئامىنەنىڭ ئىستىقبالى، بەختى دەپ.
دەيدۇ دائىم باشقىلارغا: ئامىنە —
بىر تالانتكى قۇدرەت بىلەن بىخلانغان.
ئۇ يۇلتۇزى بولالايدۇ سەنئەتنىڭ،
سەھنىلەردە ۋە ئېكراندا نۇرلانغان.
بۇ ياشقىنا مۇئەللىمە بەزىدە،
ئامىنەنى قىلار شۇنداق تەسەۋۋۇر:
ئېچىلىدۇ ئېغىر مەخمەل پەردىلەر،
ۋە سەھنىنى يورۇتىدۇ ئالتۇن نۇر.
ياڭرىغاندا داپنىڭ ئويناق ساداسى،
قىز ئۇسۇلغا چۈشەر ئەركىن ۋە راۋان.
ھاسىل قىلار ئوبرازىنى گۇللەرنىڭ،
تىلسىز رىتىم ھەركىتىگە بېرىپ جان.
سەھنە ئاسمان، ئۇ مىسالى ئۇچقان قۇش،
بارغانسېرى جۇشقۇن بولار پەرۋازى.
بىردىن كاتتا زالنى قاپلاپ كېتىدۇ،
گۈلدۈرلىگەن ئالقىش - چاۋاك ئاۋازى...
بىراق نامرات ئائىلىسى قىزچاقنىڭ،



ئاڭا يېڭى كىيىملەرنى بېرەلمەس.
قىشى ۋە ياز ئۇچىسىدىن چۈشمەيدۇ،
ئۇمىسىدىن قالغان كونا خان ئەتلەس.
كىچىكلىتىپ بەرگەن ئۇنى ئانىسى،
يىرتىلغاندا چاپلىنىدۇ ياماقلار.
قىش كۈنلىرى سورەر يىرتىق پېيمىنى،
ياز كۈنلىرى يۈرەر يالاڭ ئاياقلا.
يەيدىغىنى جىگدە، ئېگىز چامغۇرى،
ئەجدادىدىن مىراس قالغان شۇ زاغرا.
سېرىقتالدا قالار ئۇمۇ ئۈزۈلۈپ،
ئىزلىگەندە تېپىلمايدۇ دەرھاللا.
شۇنداق بولدى يەنە بۇ يىل ئەتىياز،
ئاچمۇ قالدى قۇۋناق، خوشال بۇ گودەك.
ئورۇقلىدى، كىچىك يۈزى سارغايدى،
ھال كېسىلى چۈشكەن ئاجىز مايسىدەك
ئۇ مەكتەپكە كېلەلمىدى بىر كۈنى،
مۇئەللىمنى ئىزلەپ كەلدى ئانىسى.
مۇئەللىمنى زىلزىلىگە كەلتۈردى،
ئۇنىڭ ئاستا بايان قىلغان نالىسى:
ئاشلىغىمىز ئوكسۇپ قالدى مۇئەللىم،
ئاچارچىلىق بولدى بىزنىڭ ئويدىمۇ.
خوشنىلاردىن ئوتنە - يېرىم پۇتمىدى،
قەرز ئالايلى دىسەك يوقكەن دۇيدىمۇ.
بىر كۈن بولدى ئاچ ياتىدۇ ئامىنە،

بىر چىشلەم نان تاپالمىدىم ئۇنىڭغا.
بىز چوڭلارغۇ مەيلى، چىداپ ئۆتىمىز،
ئۇ كىچىكتە، ئۇۋال بولدى شۇنىڭغا.
ئامىنەگە رۇخسەت بېرىڭ مۇئەللىم،
ماڭا تارلىق قىلىپ قالدى كەڭ جاھان.
بېرىپ باقاي دەيمەن ئەمدى سىڭلىمغا.
ئۇندا باردۇر بىرەر ۋاقلىق يەيدىغان...
ئانا كەتتى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ،
تەۋرەپ قالدى مۇئەللىمنىڭ ئىشەنچى.
كۆز ئالدىدا تۇرغان ئاچچىق ھەقىقەت،
بولدى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ئىسكەنجى.
چۈشەندىكى، ئارزۇلارنىڭ كۆلمىگى،
باغلىق ئىكەن زامان بىلەن ماكانغا.
تالانتلارنىڭ گۈللىشى يە ئۆلمىگى،
باقىدىكەن شارائىتقا، ئىمكانغا.
كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى ئۇنىڭكى،
ئامىنەنىڭ مۇنداقمۇ بىر ئىقبالى:
ئۇ چوڭايغان، ئاشخانىدا ئىشلەيدۇ ...
خۇنۇكلەشكەن قىزنىڭ گۈزەل جامالى.
كۆزلىرىدە بىچارە بىر ئىلتىجا،
چۈگۈك ئۇنىڭ قۇندۇز رەڭلىك چاچلىرى.
خالتىسىدا توپلانماقتا ئاز-ئازدىن،
كىشىلەرنىڭ ئېشىپ قالغان ئاشلىرى.
ئۆكىلىرى يۈرۈپ قىزنىڭ كەينىدە،



شىرەلەردىن سۆڭەك تېپىپ غاجايدۇ،
ھاراقكەشلەر مازاق قىلار ئۇلارنى،
ۋە ئاشپەزلەر دۈشكەللەيدۇ، قوغلايدۇ...
مۇزلاپ كەتتى مۇئەللىمنىڭ يۈرىكى،
ۋە دەھشەتكە چۈشۈپ قالدى تۇساتتىن.
چۈنكى ئۇنىڭ قورقۇنۇچلۇق خىيالى،
يىراق ئەمەس ئىدى رىيال ھاياتتىن.
ئىشخانىدا كۆتىرىلدى قوزغىلاڭ:
مۇئەللىمە كەتتى ئاچچىق ۋاقىراپ.
مۇشتى ئۇنىڭ گۈمبۈرلەتتى شىرەنى،
كۆزلىرىدە ياندى ئوتلار يالتىراپ!...
دېدى: خەلق ھەرگىز قاراپ تۇرمايدۇ،
بالىلارنى تاشلاپ ئاپەت-ئەلەمگە.
چاقناپ چىقار نىجات نۇرى ۋىجداندىن،
ئانىلەر تەلمۈرمەكتە ۋەتەنگە...

1969-يىل ئاپرېل.

## دەريا شاقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا...

دەريا شاقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا،
نالە ۋە غەزەپ بار ئۇنىڭ ئەۋجىدە.
يۇلتۇزلار شولىسى قىلىچ بىسىدەك،
يالتىراپ تۇرىدۇ دولقۇن مەۋجىدە.
قىرغاقنىڭ مۇزلىرى ئېقىننى قىستاپ،
سوزۇلۇپ ياتىدۇ سوغۇق كىشەندەك.
ئۇلۇغ ئۇيقۇسىدا قېرى تەبىئەت،
يەر-زېمىن توڭلىغان جانسىز بىر تەندەك.
پەقەت بۇ قاپ-قارا تۈننىڭ قوينىدا،
شۇ دەريا ئاقىدۇ ئالدىراپ ئويغاق.
تۈن ئارا مەن ئاڭا بولسەمەن ھەمرا.
بوغۇق شاقىراشقا سالىمەن قۇلاق.
يۆلىنىپ دەرياغا ئېگىلگەن تالغا،
مەجنۇن بىر ھالەتتە سۈرىمەن خىيال.
كوزۇمگە كورۇنەر ئۇلۇغ جىلۋىسى،
ۋە ماڭا يېقىنلاپ كېلىدۇ دەرھال.
ئويلايمەن، ئۇلۇغمۇ بىر قۇتقازغۇچى،
ھاياتتا جېنىڭدىن تويغىنىڭدا جاق.



ئۇ سېنىڭ بېشىڭنى سىلاپ مۇلايىم،
مېھرىۋان ئانىدەك ئاچىدۇ قۇچاق.
قارا يەر باغرىدا ياتىسەن تىنىچ،
ياز كۈنى سالقىندا ئۇخلىغان كەبى.
تۇپراقتۇر بوشۇگۈڭ، زاكاڭدۇر كېپەن،
ياتىسەن بوۋاقتەك بىغەم ۋە سەبى.
ئۇ پانا ماكاندا سېنى ھېچكىممۇ،
قولۇڭدىن تورۇسقا ئېسىپ ئۇرمايدۇ.
بورىنىڭ كوزىدەك ياۋۇز بىر كوزلەر،
خەنجەردەك قادىلىپ قاراپ تۇرمايدۇ.
ئۇ پانا ماكاندا سېنى ئادەملەر،
كۇرەشكە تارتمايدۇ بوغۇپ گېلىڭدىن.
ئەسىرلەر قان سىڭىپ قىزارغان زېمىن،
يەنە قىزارمايدۇ سېنىڭ قېنىڭدىن.
ئۇندا يوق قارىيىپ تۇرغان تاپانچا،
تۇگمەس سوراقلار، خورلۇق، كەمسىتىش.
ئۇندا يوق ئويۇڭگە باستۇرۇپ كىرىپ،
باللىرىڭ ئالدىدا باغلاپ ئەپكېتىش...
دەريا شاقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا،
ئەزەلدىن ئۇ شۇنداق شاقىراپ كەلگەن.
ئۇ ئۇزاق تۈنلەرنىڭ يۇلتۇز شولىسى،
دەريادا قىلىچتەك يالتىراپ كەلگەن.
ئۇ گۇۋا تارىخنىڭ قىرغىنلىرىغا،
قان بىلەن كوز يېشى بولغان سۇلىرى.

مىسالى ئوت - چۆپتەك قىرقىلىپ كەلگەن،
ۋەتەننىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرى.
بۇ خەلق چوخچىيىپ كەلدى چۆللەردە،
شاخلىرى كېسىلگەن بىر دەرەخ ئوخشاش.
زامانىنىڭ پالتىسى چۈشتى زەربىلىك،
ھاياتىي نوتىلار كوتەرگەندە باش.
يەنىلا پالتىلار زەربىدە قالدى،
بۇ قەدىم دەرەخنىڭ ياشىنىغان شېخى.
بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىلماقتا داۋام،
ئۇ قانلىق قىرغىنلار توختىماي تېخى.
قانچىلاپ كىشىلەر قىلچە گۇناسىز،
كالتەكلەر ئاستىدا تاپشۇرماقتا جان.
ئادەملەر ئېتىلماقتا تۈركۈم - تۈركۈملەپ،
يامغۇردەك شاقىراپ توكۈلمەكتە قان.
تۈرمىگە تاشلاندى سانسىز يارانلار،
ئىپلاس كامىرلاردا ياتار قانسىراپ.
ئازغىنا ساۋادىڭ بولسا كۇپايە،
قاسساپنىڭ قولىغا چۈشسەڭ ياراپ.
چوڭلا بىر تۈرمىگە قالدى ئايلىنىپ،
زۇلۇم ۋە جاپانىڭ بۇ كەڭ ئولكىسى.
بوراندەك تارقىلار ئاسمان ئاستىدا،
ئوقلارنىڭ ئاۋازى، جاللات كۈلكىسى...
دەريا شاقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا،
قۇدرەتلىك ياڭرايدۇ شاقىراشلىرى.



ئەقلىمنى ئويغاتار يۇلتۇز نۇرىنىڭ،
ئېقىندا ئۈزۈۋالەي ياللىراشلىرى.
ئۇ ئوخشار قىلىچتىن چاقنىغان نۇرغا،
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۇنىڭ ئىسيانى.
ئۇ ماڭا ئەسلىتەر جەڭ ھاياتىنى،
پىكرىمدىن تارقىلار ئۇلۇم تۇمانى.
باقىمەن تولغىنىپ ئاققان دەرياغا،
دەريادىن كورىمەن قەيسەر بىر ھايات.
ئۇنىڭغا ئاقماقمۇ تەس بۇ دۇنيادا،
زېمىن كەڭ، يوللار تار، تاغلار قاتمۇ - قات.
لېكىن شۇ ئېقىشتا ئۇنىڭ ھاياتى،
ئۇ ئېقىپ زېمىنغا بېغىشلايدۇ جان.
ئۇ ئاقار، تۈندىمۇ، ھەتتا قىشتىمۇ،
مۇزلارنىڭ تېگىدە گۈكىرەپ پىنھان.
ئويلايمەن، ئىنسانمۇ ئاققان بىر دەريا
ئۇنىڭمۇ يوللىرى بولمايدۇ راۋان.
جەۋرەيۇ - جاپالار، خېيىم - خەتەرلەر،
دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ ئۇنىڭغا ھامان.
بەزىدە ئوڭ كېلىپ، بەزىدە تەتۈر،
كىشىنى ھەر كويغا سالىدۇ زامان.
ئىنساننىڭ ئۆمرىدە بولۇپ تۇرىدۇ،
كوز يېشى، خوشاللىق ئازاپ، ھاياجان.
ئىمىشقا فاشىزىم قۇربانى بولۇپ،
ئولۇمنى قىلىمەن مۇنداق ئىختىيار؟

ياشايمەن، ياشىماق قىيىن بولسىمۇ،
قەلبىمدە تېخى كوپ جەڭلەر، ئىشقى باز.
ياق تېخى دەريادەك ئاقمىمەن مەنمۇ،
يە چولدىن چىقارمەن، ياكى بوستاندىن.
سەنگەن بېشىمنى كوتەردىم شۇئان،
توتۇپ يۇلتۇزىنى ئىزلەپ ئاسماندىن.
نۇرلىنىپ تۇراتتى تۇن ئاسمىنىدا،
ئۇ ئازغان كارۋانغا يول كورسەتكۇچى.
يورۇغان كوڭلۇمنى ئالدى ئىلكىگە،
هاياتنىڭ دەريادەك جۇشقۇن بىر كۇچى.

1970 - يىل يانۋار.





## يەنغا قوشىغى

ئۇپۇقتىكى قان داغلىرى قارايدى،
پەيدا بولدى غەمكىن ئاخشام يۇلتۇزى.
تۇن چېچىنى يايدى قارا تۇتۇندەك،
چاچ رەڭگىنى ئالدى ئاسمان گۇمبىزى.
كەچكە يېقىن ئولۇپ قالدى بالىنىستا،
بىر ئىشچىنىڭ سەككىز ئايلىق بالىسى.
شۇ كېچىسى ئاچچىق پەريات كوتەردى،
ئۇنى تۇققان ۋە ئىمىتكەن ئانىسى.
باغرىغا چىڭ بېسىپ ئالدى ياش چوكان،
مۇزغا ئوخشاپ قېتىپ قالغان بوۋاقنى.
ئۇي ئىچىدە چاقپىلەكتەك چوگىلەپ،
كوز يېشىدا يازدى مۇنداق قوشاقنى:
نىمە كۇن بۇ، بىزگە، نىمە جۇدالىق؟
يۇرەك پارەم، كوزى يورۇق يۇلتۇزۇم.
تاشلاپ مېنى كەتتىڭ ئەجەپ تۇيۇقسىز،
لېۋى غۇنچە، چېچى قارا قۇندۇزۇم.
ياتمىدىڭمۇ تومۇر تارتىپ توققۇز ئاي،
بىر جان بولۇپ، بىر تەن بولۇپ باغرىمدا؟

ھاياجانغا سالمىدىڭمۇ كۆڭلۈمنى،
تىپىرلىغان چاغلىرىڭدا قارىنىمدا؟
ئاچچىق تولغاق بىلەن كېلىپ دۇنياغا،
قويمىدىڭمۇ مېنى ئۆلۈم - كۆرۈمدە؟
ھاياتىمغا بەرمىدىڭمۇ روشەنلىك،
يورۇپ تۇرغان گوھەر بولۇپ كۆزۈمدە؟
تولۇن ئايدەك تولۇپ يېتىپ بوشۇكتە،
ئايدىن يورۇق قىلمىدىڭمۇ قەلبىمنى؟
تاڭدا چىققان كۈندەك گۈزەل نۇرلىنىپ،
كۈندىن نۇرلۇق قىلمىدىڭمۇ بەختىمنى؟
ئۇزۇن تۈنلەر ئىسكەپ مېنى پۇشۇلداپ،
ئېمىپ ئۇخلاپ ياتمىدىڭمۇ كۆكسۈمدە؟
مەن ئۇيقۇسىز تۈننى ئۇلاپ تاڭلارغا،
ئەللەي ئېيتىپ چىقمىدىمۇ ئۈستۈڭدە؟
قايناپ تېشىپ تۇرمىدىمۇ بەستىمدە،
قانچە غەيرەت، قانچە دەرمان سەن بىلەن!
ئاچمىدىمۇ چېچەك خوشال قەلبىمدە،
قانچە ئارزۇ، قانچە ئارمان سەن بىلەن!
بۈگۈن ئەمدى نېمە بولدۇڭ جان قوزام،
نېمە بولدۇڭ؟ كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ!
چاچلىرىمنى ئويناپ بۇدرۇق قولۇڭدا،
بوشۇگۇڭدە ئايدەك تولۇپ ياتساڭچۇ!
ئىست بالام، ئىست، ئىست جان قوزام،
مەن ئەقلىمدىن ئازدىم مۇنداق نېمىشقا؟



مەن نېمىشقا ئېزىپ سېنى ئەكىردىم،
ئەشۇ... ئەشۇ بالنىستا يېتىشقا؟
دوختۇرخانا بولغان بىلەن دوختۇرلار،
بولۇپ قاپتۇ گېزەندە ۋە نوپۇزلۇق.
ئىسيان قىلىپ سېستىرالار، ئاشپەزلەر
بولۇپ ئاپتۇ ئۇندا دوختۇر ھوقۇقلۇق.
ئاق خالاتلىق بۇ ساۋاتسىز بەندىلەر،
باش ئاغرىسا دورا بېرەر قوساققا.
مېنىنگىتىنىڭ ئوكۇلىنى ئۇرىدۇ،
ئىچى سۈرۈپ كىرىپ قالغان بوۋاققا.
قان پۇرايدۇ ياتاقلاردىن گۇپۇلدەپ،
تۆشەكلەرنى يىللاپ - يىللاپ يۇيمايدۇ.
ئۆلۈۋاتسا قىزىلگۈلدەك باللار،
قاراپ قويۇپ رەڭگىنىمۇ بۇزمايدۇ.
شۇمۇ دوختۇر، شۇمۇ بالنىست بولامدۇ،
مۇنداق ئىشلار بولغان قايسى ئەقلىمدا؟
زوراۋانلار دوختۇر بولۇپ، دوختۇرلار —
شۇپىشبەندە قالسا تاياق - زۇلۇمدا!
كېسەللەرگە شىپا بېرەر ماھىرلار،
خارلانماقتا ئېتى ئۇلۇق پىپەندە.
مەن بۇلارنى ئويلىمىدىم نېمىشقا،
ئەشۇ... ئەشۇ بالنىتسىقا كىرگەندە؟
ماڭا ئەلەم، ساڭا ئۇۋال ئەمەسمۇ،
سەن ئۆلمىدىڭ قوزام، سېنى ئۆلتەردى... —

بۇ قوشاقنى كۈيلەپ ئانا تۈن بويى،
ئۆي ئىچىدە دەرتلىك پەريات كۆتەردى.
قانغىر قاخشاپ زارلاپ چىقتى ياش ئانا،
بالىسىنى ھوقۇش يىگەن بولبۇلدەك.
ئۆلۈك بوۋاق ئاجرالمىدى باغرىدىن،
مۇز ئىچىدە توڭلاپ قالغان بىر گۈلدەك.

1972 - يىل، ئىيۇل.



## قىزنىڭ ئۆلۈمى

سوغۇق قىش باشلاندى ھەرىدەك چېقىپ،
تىيانشان شۇۋىرغان ئىلكىدە قالدى.
ئۇچقان قار قاپلىدى ئاسمان - زېمىننى،
سۈزۈك كۆك ۋە قۇياش بىردىن يوقالدى.
قار كۆمۈپ تاشلىدى ناھىيە شەھرىنى،
ئۇ مۇزلاپ شۈمشەيدى تاغنىڭ باغرىدا.
بوراندا ۋەھىمىدە قويدى ھەممىنى،
قەغەزلەر تاراقلاپ تارقاتقان سادا.

چارچىغان ئادەملەر سوغۇق ئۆيلەردە،
قورقۇنۇچ چۈشلەرنى كۆرۈپ ئىڭرايدۇ.
قېلىن قار كورىنەر ئاق كېپەن كەبى،
ئاچ ئىتلار تۈن بويى ئەنسىز قاۋايدۇ.
قوزغىلار كۆك بويلاپ قار قۇيۇنلىرى...
دولقۇندەك تۈرۈلۈپ ياسايدۇ ئۆپقۇن.
مەكتەپتە قۇرۇلغان يېڭى تۈرمىدىن،
قوراغا ئېتىلىپ چىقتى بىر تۇتقۇن.
ئېتىلدى، قۇدۇقنىڭ بېشىغا كەلدى،
كۆكرىگى دولقۇنلاپ ئالدى ئۇ نەپەس.

ئاي ئۇنىڭ ياردار، گۈزەل يۈزىنى،
بۇلۇتلار ئىچىدىن يورۇتتى بىر پەس.
ئۇ نازۇك قىز ئىدى، چۇگۇك چاچلىرى
بۇلۇتتەك يېيىلغان يەلكىلىرىدە.
تەنلىك باقتى ئۇ سوغۇق دۇنياغا،
كوزلىرى ئوت ئېلىپ نەپرەت ئىلكىدە.
ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويىدى تېز،
تۇرمىدىن كورۇنگەن خىرە يورۇققا.
باهاردا توكۇلگەن بىر چېچەك كەبى،
ئاقىرىپ، ئوزىنى ئاتتى قۇدۇققا...
جەسەتمۇ كۇرەشتىن خالى بولمىدى،
ئەتىسى مەكتەپتە ئېچىلدى يىغىن.
جەسەتكە دىۋەيلەپ قارلىق مەيداندا،
ئادەملەر شوئارلار ياڭراتتى قىزغىن.
بۇ قىزنى كومۇشكە رۇخسەت بەرمىدى،
مەيدانى مۇستەھكەم ئىنقىلاپچىلار.
مۇزلىغان مۇردىنى ئوراپ بورىغا،
تاغلارغا ئاپىرىپ تاشلاشتى ئۇلار.
مەكتەپتە شۇ تۇنى ئۇخلىيالمىدى،
ئازاپلىق تولغىنىپ قېرى قاراۋۇل.
پىچىرلاپ ئېلىشىپ نەۋرىسى بىلەن،
قار باسقان تاغلارغا يول ئالدى ئۇدۇل.
تۇن بىلەن يوشۇرۇپ ئەلنىڭ كوزىدىن،
قىزنىڭ جەسىدىنى بولدى ئۇ كوممەك.



ئالدى ئۇ ئوزىنىڭ ئاق ماتاسىنى،
ھەم ئالدى ئاق كىگىز، جوتۇ ۋە كۇرەك.
مۇردىنى ئەكەلدى بوۋاي تۇن بىلەن،
شەھەرگە يېقىن بىر دوڭنىڭ ئالدىغا.
دۇنياغا سىغمىغان بەختسىز قىزنى،
ئانا يەر سىغدۇرۇپ ئالدى باغرىغا.
جاپادا قېزىلغان چوڭقۇر ئورىغا،
قويۇلدى قايتىدىن توڭلىغان تۇپراق.
ئۇچتى قار، قەۋرىنى تاشلىدى كومۇپ،
قاراۋۇل ئۇ جايدا ئولتۇردى ئۇزاق.
سوغۇقتىن تىترىگەن لېۋىدىن ئۇنىڭ،
ئاخىرى ئېتىلدى ئاچچىق بىر نىدا:
— بىز تىرىك يۇرىمىز،
بۇلار ئولمەكتە...
بۇ قىزنىڭ گۇناسى نىمە ئەي خۇدا؟...
بۇ ئاخىر كوكاتمۇ دەسسەپ ئوتكىدەك،
شۇنچىلىك بولامدۇ ئىنسان قىممىتى؟
جىنايەت بولدىمۇ ئاخىرى كېلىپ،
بۇ قىزنىڭ غايىلىك، ئۇلۇغ مېھنىتى؟
ئۇ كەلدى ئولكىدىن تاغلىق ناھىيىگە،
مىسالى ئۇچۇم بولغان بىر قۇش بالىسى.
يىراق تاغ - دەريالار كەينىدە قالدى،
ئەل - يۇرتى، دوستلىرى، ئاتا - ئانىسى.
ئەكەلدى بۇ جايغا پەن - مەدەنىيەت،
بالىلارنى ئوقۇتتى غەمخور، تەلەپچان.

ئاندەك گويۇلدى ھەربىر بالىغا،
قىزغىن بىر مېھمەتتە بولدى ھەر قاچان،
ئاھ، قانچە ياش ئىدى ۋە ساپ ئىدى ئۇ،
مىسالى كوكەرگەن باھار نىھالى.
رەڭ تۇزۇپ، تاۋلىنىپ باراتتى گۇزەل،
ئالما چېچىگىدەك ئۇنىڭ جامالى.
نۇر چېچىپ تۇراتتى ئۇنىڭ ياش ئەقلى،
ھاياتى مەكتەپنى جانلاندۇراتتى.
ئاھ، قانچە شوخ ئىدى خۇلقى ـ مىجەزى،
يىغىنى كۇلكىگە ئايلاندۇراتتى...
مەن ئۇنى كومدۇمۇ؟
ياق، بۇ كومگىنىم،
مەرىپەت، ئاقارتىش، ئەقىل ۋە ئىدرەك.
كومگىنىم ھاياتنىڭ گۇزەللىكلەرى،
ئىنتىلىش، ئارزۇلار
ۋە ئوتتەك يۇرەك.
ناھاتكى ئىنسانغا يات بولۇپ بۇلار،
ياۋايى ھايۋاندەك تاغلاردا يۇرسەك؟
بورىدەك تالاشساق،
ياكى مۇشۇكتەك
ئوز بالىلىرىمىزنى بوغۇپ ئولتۇرسەك!...
بوۋاينىڭ نەۋرىسى يىغلىدى ھوكرەپ،
ياشلىرى توكۇلدى يېڭى قەۋرىگە.
بوۋاي يىغلىمىدى، ئۇنىڭ كوز يېشى،



قار ئۇچقۇنىدەك قوندى قەلبىگە،
— يۇر، بالام كېتەيلى، — دېدى قاراۋۇل،
بۇ ۋەتەن بېشىغا كەلگەن بىر ئاپەت.
ئالجىغان ئوخشايمىز...
ئازدۇق ئەقلىدىن،
نەسىللەر ئالدىدا قىلدۇق جىنايەت!...
شۇۋرغان ۋىژىلداپ ئۇچۇردى قارنى،
شۇۋرغان كەينىدىن بوران قوزغالدى.
تىيانشان بويلىرى
— بۇ قەدىم يۇرتلار
ئۇن يىللاپ شۇ سوغۇق قىش ئارا قالدى.
قار كومۇپ تاشلىدى ماڭار يوللارنى،
تېپىلغاق بوپ قالدى توڭلاپ ھەممە ياق.
قېرىلار موكچىيىپ تاياققا چوشتى،
ياشلارنىڭ چاچلىرى ئاقاردى ئاپپاق.
بوۋاق تۇغۇلغاندەك ئاچچىق تولغاقتا،
دۇنياغا كوز ئاچتى ئاخىرى باھار.
ھاياتنىڭ ئاپتىۋى چاقنىدى يەنە،
تاغلاردا، دوڭلەردە ئېرىپ پۇتتى قار.
قىزنىڭ جەسىدىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى
بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئېيتتى ھەممىگە.
ئۇ باشلاپ ئەكەلدى ساۋاقداشلارنى،
دوڭدىكى بەلگىسىز، يېتىم قەۋرىگە.

قىز مەڭگۈ ئۇيقۇدا ياتقان شۇ جايدا،
ئېچىلىپ تۇراتتى گۈللەر شوخ، ئاپپاق.
بۇ گۈللەر يۇلتۇزدەك كۈلۈپ تۇراتتى،
ئويغانغان دۇنياغا نۇر چېچىپ پارلاق.
بۇ گۈللەر تاپقاندى مەڭگۈلۈك ماكان،
بىر مەسۇم قۇربانىنىڭ يېشىل قەۋرىدە.
بۇ ئۆلمەس گۈللەردۇر،
يىلتىزى قىزنىڭ
ئۆلمىگەن ئىستەكلەر يانغان قەلبىدە.

1970 — 1979 ‐يىللار.



## ئويغىنىش

ئىللىپ ئۇزاق توڭلىغان زېمىن،
ئويغانماقتا ئۇيقۇدىن جاھان.
كۆلگەن كۆزدەك چاقنايدۇ قۇياش،
ئويغىنىشتا كۆرۈپ ھاياجان.
ئويغانماقتا مۇز باسقان تاغلار،
قاپتاللارنى ئېرىتتى ئاپتاپ.
روشەن بولۇپ يۈكسەك چوققىلار،
كۆك ئاسماندا كۆرۈندى چاقناپ.

قاغجىرىغان دەريا ئويغاندى،
ئۇلۇق ئېقىن ئاقار ئويناقلاپ.
ئاقتى سۈيى كەڭ ۋادىلارغا،
ئۆستەڭلەرنى، سايلارنى قاپلاپ.

بوستانلاردا بولدى ئويغىنىش،
چىقارماقتا دەرەخ يوپۇرماق.
ئېتىزلاردا ئۈندى مايسىلار،
يېشىل، يارقىن، يۇمران ۋە ئۇماق.
مۇزلاپ ياتقان چوللەر ئويغاندى،
ئىمىن تاپتى قىش بورانلىرى.

قاخلانماقتا قۇياش نۇرىغا،
دولقۇن ـ دولقۇن قۇم بارخانلىرى.
كوكەرمەكتە چول ئۇتلاقلىرى،
يېيىپ ئەركىن كىيىككە ئېتەك.
شورتاڭلاردا ئۈندى يانتاقلار،
ۋە يۇلغۇندا تۇغۇلدى چېچەك.
قورقۇنۇچلۇق جويلۇپ، ئەندىكىپ،
چۈشكىدە ئويغاندى دىلبەر.
تۇمانلاشقان چاچلىرى ئۇنىڭ،
يۈزلىرىدە مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر.
قارا چۈشلەر ھالسىز ئۇيقۇدا،
يامان قىلدى ئۇنىڭ ھالىنى.
باغلاپ كەتمىش ـ ئۇنىڭ چۈشىدە،
ئوتتەك يېنىپ سۆيگەن يارىنى.
ياشلىقىدىن، مۇھەببىتىدىن،
زورلۇق بىلەن قىلغانمىش جۇدا.
ئۇ تەمتىرەپ يۈردى لەيلىدەك،
زۇلمەت باسقان تۈن سەھراسىدا.
ئىزلەپ ھەريان ۋاپادارىنى،
كېزىپ چىقتى قەۋرىستانلاردا.
تەقىپ قىلدى ئۇنى جىنلارنىڭ
چۇقانىدىن ياڭرىغان سادا.
كېزىپ يۈردى بولۇپ سەرگەردان،
قوللىرىدا پاناسىز بوۋاق.



بوۋاق يىغلار، ئۇمۇ يىغلايدۇ،
ياشلىق كوزى مىسالى بۇلاق.
ئۇ ئويغاندى ئەنسىز ئۇيقۇدىن،
بالقىغاندا تاڭ نۇرى پارلاق.
كوز ئالدىدا تۇراتتى يارى،
يۈزىدە تاتۇق، چېكىسىدە ئاق...
بوشۇگىدە ئاچچىق چىقىراپ،
ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى بوۋاق.
ئۇ بېشىنى بۇراپ ھەريانغا،
ئانا كوكسىنى ئىزلىدى ئويغاق.
قارا باستى شۇ بوۋاقنىمۇ،
غايىپ بولغان ئىمىش بەزلەشلەر.
غايىپ بولغان ئىمىش ئانىسى،
ئېيتىشلەر ۋە ئەللەيلەشلەر.
مۇدھىش روھلار قىلىپ بىارام،
ئېلىشتى شۇ كىچىك جان بىلەن.
ياۋۇز موماي ئىگىشىپ ئاڭا،
ئېيتىمەكچى بولدى قان بىلەن...
يىغىسىنى ئاڭلاپ بوۋاقنىڭ
ئانا كوكرەك سالدى ئالدىراپ.
ئەمدى بوۋاق بۇقۇلداپ، ئۇنىڭ —
كوزلىرىگە يالۋۇرۇپ قاراپ.
قورقما ئەمدى ئىنسان بالىسى،
سەن ئويغاندىڭ يېڭى كۈن بىلەن.

قان ئەمگۈزمەكچى بولغانلار ساڭا،
قالدى غايىپ بولغان تۈن بىلەن!
يامان چۈشلەر ئەنسىز ئۇيقۇدا،
بەكمۇ ئۇزاق قىيىندى مېنى.
ئوتلىرىنى كوردۇم دوزاخنىڭ،
كوردۇم قانىنىڭ دولقۇنلىرىنى.
دەسسەپ ئالدى غايەت چوڭ دىۋە،
مېنى يۈگلۈق پۇتلىرى بىلەن.
يەر ۋە كوكنى قىلدى قىپ-قىزىل،
چاچقان قان ۋە ئوتلىرى بىلەن.
مەن ئويغاندىم، دىۋە يوقالغان،
پەقەت كۈلۈپ تۇراتتى قۇياش.
يەنە ئالدىمدا ئېچىلدى ھايات،
يىراق كارۋان يولىغا ئوخشاش.
كوزلىرىمگە كورۇندى مېنىڭ،
بوستانلار ۋە چول-باياۋانلار.
قۇۋناق ئوتەڭ، پارلاق مەنزىللەر،
چىغىر يوللار، يۈكسەك داۋانلار.
ئۇ يوللاردا مېھنەت ۋە جاپا،
ھايات زوۋقى، ياشاش شاتلىغى.
ئۇ يوللاردا تەشۋىش ۋە ئارام،
بوستان پەيزى، چول ئاۋاتلىغى.
ئۇ يوللارغا باقتىم، قەلبىمدە —



پەيدا بولدى قىزغىن ئىنتىلىش.
خىتاپ قىلدىم خوشاللىق بىلەن:
ئاھ، سەن دۇنيا،
ئاھ، سەن ئويغىنىش!...

1980 - يىل ئىيۇن، كورلا.

## ئۈمەت توغرىلىق ناخشا

تىرىكلىكتە ئۈمىت بولىدۇ،
ئۈمىت — يانغان نۇرى ھاياتنىڭ.
ئۈمىت بىلەن يورۇق بولىدۇ،
ئەگرى - توقاي يولى ھاياتنىڭ.
قۇشلار ئەركىن ئۇچۇپ يۈرىدۇ،
يەڭگىل قانات قېقىپ ھاۋادا.
بوستانلارنى ئاۋات قىلىدۇ،
كۈيلەپ ھەر خىل نەغمە - ناۋادا.
غەيرەت بىلەن ئوزۇق ئىزلەيدۇ،
داللاردا پەرۋانە بولۇپ.
بالىلىرىنى قىلىدۇ پەرۋىش،
دەرەخلەردە ئۇۋىلار قۇرۇپ.
سوغۇق چۈشۈپ قىش يېقىنلاشسا،
ئۇچۇپ كېتەر ئۇلار يىراققا.
ئۇچۇپ كېتەر ھاياتلىق ئىزلەپ،
ياز قۇياشى پارلىغان ياققا.
ئۇلار يەنە ئۇچۇپ كېلىدۇ،
باھار تېڭى ئاتقاندا بالقىپ.

ئۇچار ئۇلار ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
دېڭىزلاردىن، تاغلاردىن ھالقىپ.
مەن قۇشلاردا كۆرىمەن شۇنداق،
ئۇرغۇپ تۇرغان ياشاش ئۈمىدى.
يورۇق ئاسمان كەڭلىكلىرىدە،
پەرۋاز قىلىش، سايراش ئۈمىدى.
چۈمۈلىنى كۆردۈم، يۈرىدۇ،
ئۆزىدىن چوڭ ئوزۇقنى سۆرەپ.
توساپ ئالسا چالمىلار يولىنى،
كېتەلمەيدۇ ئۇنى چۆگىلەپ.
ئامال قىلىپ سۆرەپ چىقىدۇ،
زېرىكمەيدۇ بۇ ئېغىر ئىشتىن.
بۇ مېھنەتتە ئۇنىڭ ئۈمىدى،
ئوزۇق توپلاپ ئۆتمەكچى قىشتىن.
تام تۈۋىدە گۈللەپ تۇرىدۇ،
ئۈمىت بىلەن ھەتتا يوگىمەچ.
ئۇ ئۆسىدۇ ھەريان پىلەكلەپ،
يورۇقلۇقنى، قۇياشنى كۆرگەچ.
چۈشكەن يەردە ئۇنەر ئۇرۇغى،
بىخ سۈرىدۇ نۇرغا ئىنتىلىپ.
قارىساڭ ئۇ يۇمشاق بىر گىيا،
ئەمما تاشنى چىقىدۇ يېرىپ.
كۆكلەپ غېرىپ قەۋرىستاندىمۇ،
قەۋرىلەردە ئاچىدۇ چىچەك.

تىترەپ تۇردۇ ئۇنىڭ چېچىگى،
ئاپپاق، نۇرلۇق، گۈزەل، كۆلگۈنچەك.
ئۈمىت بىلەن ياشايدۇ ئىنسان،
ئىنسان دۇنيادا ئالى مەخلۇقات.
ئالەم ئاڭا بولار قاراڭغۇ،
ئۈمىتسىزلىك يايغاندا قانات.
ئۈمىتسىزلىكتىن كۆرسەن بەزەن،
دەريالاردا ئاققان قىزلارنى.
ۋە ۋاقىتسىز ئۆلگەن يىگىتتە،
سىرتماقتىن قالغان ئىزلارنى.
ئاچ بالىلىرى تۇرسا تىترەپ،
كىيىملىرى يېلىڭ ۋە جۇلجۇل؛
قېرىلىرى قالغاندا ئۇۋاپ،
كېپەنلىككە تاپالمىسا پۇل؛
شۇندا باقىن ئاتا كۆزىگە،
ئۇ دۇنياغا قانداق قارايدۇ؟
ئۇنىڭ كۆزى قوچقىنىڭكىدەك،
سوغۇق، نۇرسىز ۋە مىدىرلايدۇ.
ئۆتتى تالاي ئۈمىتسىز يىللار،
ئۇرۇن ئېلىپ تارىخىمىزدىن.
قۇتراپ زامان زورلاۋانلىرى،
تارتىۋالدى ئۈمىتنى بىزدىن.
ئۇ يىللاردا كۆرگىنىم مېنىڭ،
مېڭىپ يۈرگەن جانلىق ئەرۋاھلار.



تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەنلەر بىلەن،
تولغان ئىدى بۇندا ھەر ياقلار،
قاپلاپ ئالغان ھاياتىمىزنى،
چىركو سۇرى، قامچا، ئىبادەت.
تاشلىۋەتتى دوزاخ ئوتىغا،
ئېغىز ئېچىپ قىلساڭ شىكايەت...
بۈگۈن يەنە كۆردۈم ئۈمىتنى،
ۋەتىنىمدە، ۋەتەنداشلاردا.
كۆردۈم ئۇنى يۇلتۇزدەك يېنىپ،
كۈلگەن كۆزدە، شات قاراشلاردا.
كۆردۈم ئۇنى مېھنەت ئەھلىنىڭ
كۈلكىسىدە، چاقچاقلىرىدا.
يىگىتلەرنىڭ چەبدەس قەدىمى،
ۋە قىزلارنىڭ قوشاقلىرىدا.
ھايات ئىشقى يەنە كۈچ تاپتى،
ئۈمىت بىلەن يورۇدى دۇنيا.
ئۈمىت بىلەن ئۇچتى ھاشارەت،
ئۈمىت بىلەن ياشىندى گىيا.
ھەتتا تاغدا قىشلىق ئۇچەكتىن،
ئۈمىت بىلەن تىرىلدى ھايۋان.
تارتىپ تۇرار ئۇنى ئۆزىگە،
قاتمۇ - قات تاغ، بىپايان ئورمان.
شۇدەم ئۇنىڭ ئۇرۇق جىسمىدا،
تىرىكچىلىك، ئۇۋلاش ئۈمىدى.

جەرالاردا قويۇندەك چېچىپ،
ئۆلجىسىنى قوغلاش ئۈمىدى ...

× ×

تىرىكلىكتە ئۈمىت بولىدۇ،
ئۈمىت — يانغان نۇرى ھاياتنىڭ.
ئۈمىت بىلەن يورۇق بولىدۇ،
ئەگرى - توقاي يولى ھاياتنىڭ.

1980 - يىل ئىيۇن، كورلا.



## كوك يانتاق چېچەكلەپتۇ ...

چېچەكلەپتۇ قىردا كوك يانتاق،
غۇلاچ تاشلاپ، ئۇسۇپ باراخسان.
قىزارتىپتۇ زېمىن يۈزىنى،
قىزارغاندەك تاڭ بىلەن ئاسمان.
كوك تىكەنلەر گويا نەيزىدەك،
چېچەكلەرنى تۇرىدۇ ئاسراپ.
بۇ چېچەكلەر يالقۇن رەڭگىدە،
تاۋلىنىدۇ يېنىپ ۋە پارلاپ.
گۈل - گىيانىڭ ئۆمرى بەك قىسقا،
چېچەك پەسلى بولار ياشلىقى.
كوك يانتاقنىڭ خىسلىتى باشقا،
چېچەكلىمەس ئۇ ياشلىق چېغى.
باغ - ۋارانلار چېچەكلىگەندە،
كوكەرمەيدۇ ئۇ تېخى تولۇق.
ئەتىيازنىڭ جۇدۇنلىرىدا،
قاتتىق يەردىن ئىزلەيدۇ ئوزۇق.
ئالالمايدۇ باھاردىن ئورۇن.
باشقىلاردەك ئەتىۋا بولۇپ.

ئۇنى كۆرسە تېخى ئادەملەر،
باغلىرىدىن تاشلايدۇ يۇلۇپ.
ئۇ ۋايىغا يېتىدۇ پەقەت،
ھارارەتلىك يانغاندا قۇياش.
تومۇز كېلىپ، تاش قىزىغاندا،
چېچەكلەيدۇ سايلاردا تۇتاش.
يات كۆرمەيدۇ ئۇنى تەبىئەت،
ئۇنىڭمۇ ئۆز خېرىدارى بار.
كۆرەر كۈنى، ئۆسەر تۇپرىغى،
ھەمرالىرى ۋە دىلدارى بار.
شىرنە ئىزلەپ چېچەك ھەرىسى،
كېتەلمەيدۇ ئۇنىڭ يېنىدىن.
چىرمىشىپتۇ يېشىل يۆگىمەچ،
قورقماي سانسىز تىكەنلىرىدىن.
كېپىنەكلەر كېلىپ باغلاردىن،
چېچىكىنى ماكان ئېتىدۇ.
مېھرى بىلەن يورۇتسا قۇياش،
تاغ شامىلى سۆيۈپ ئۆتىدۇ.
يېتىشىدۇ نەسلى ئۇرۇغى،
شاخلىرىدا قىزارغان گۈلدە.
خۇش كۆرىدۇ ئۇنى تۆگىلەر،
كارۋان تارتىپ ماڭغاندا چۆلدە.
كۆك يانتاقنى قارىسام مەنمۇ،
قوزغىلىدۇ كۆڭلۈمدە خىيال.



ئۆتكەن ئۆمرۈم ئاشۇ يانتاقتا،
سۈرەت بولۇپ كۆرۈنەر دەرھال.
چېچەكلىمەي ئۆتتى ياشلىقىم،
كەلدى ئەمدى ئۆمرۈمنىڭ يازى.
چېچەكلەيمەن مەنمۇ يانتاقتەك،
ۋە خەلقىمنى قىلىمەن رازى.

1980 - يىل ئىيۇن، كورلا.

## چېچەك جۇدۇنى

قاراڭغۇلۇق قۇچاق ئاچتى تاغلارغا،
ئەتراپ تامام قالدى مەخمەل كېچىدە.
تىك چوققىلار ئاسمان، ئارا قارىيىپ،
غايىپ بولدى تۈن تۇمانى ئىچىدە.
يازنىڭ سالقىن بىر ئاخشىمى... ئۈگزىدە —
ياتار ئىدىم بىغەم خۇددى بوۋاقتەك.
يېتىپ ئويغاق تۈن كوكىگە كوز تىكتىم،
خىياللىرىم مەۋج ئۇردى بۇلاقتەك.
كوز ئۇچۇمدا، كوكۇچ بولۇپ تاۋلىنىپ،
سۇس يالتىراپ تۇراتتى كوك گۈمبىزى.
ئۇنىڭ ئۇزاق، چەكسىز يۈكسەكلىكىدە،
چاقنار ئىدى ساناقسىز تۈن يۇلتۇزى.
بۇ يۇلتۇزلار تۇركۇم - تۇركۇم ئېچىلىپ،
نۇر چاچاتتى گۈلدەك بىزەپ ئاسماننى.
شات ۋە گۈزەل چاقناشلىرى ئۇلارنىڭ،
قوزغاپ قويدى مەندە پىكرۇ - ئىلھامنى.
ئۇلار مېنىڭ قەلبىمدىمۇ ئېچىلىپ،
ھېسلىرىمنى دولقۇنلاتتى، قىلدى شات.




قاراپ يېتىپ خىيال سۈرۈپ كوڭۈللۈك،
مەن باھارنىڭ چېچىكىنى قىلدىم ياد.
پەسلى كېلىپ ئىللىغاندا ئۆلكىلەر،
زېمىن گۈللەپ يېتىشىدۇ ئىستەككە.
سانسىز باغلار ئاپپاق بولۇپ ئېچىلىپ،
تولۇپ كېتەر يۇلتۇز كەبى چېچەككە.
ياسىنىدۇ ۋادىلار ۋە مەلىلەر،
چېچەكلەرنىڭ يالتىرىشىدا ئاق بولۇپ.
ئاقىرىدۇ قۇياش كۆلگەن كەڭلىكلەر،
قونۇپ قالغان كەبى گويا ئاق بۇلۇت.
چېچەكلەرنىڭ يېڭى، خوشبۇي ھىدلىرى،
تولدۇرىدۇ بوستانلارنى، بىنانى.
كىم سۆيمەيدۇ دەيسەن شۇنداق كۈنلەردە،
كۈلۈمسىرەپ تۇرغان گۈزەل دۇنيانى!
لېكىن ھامان شۇنداق چېچەك پەسلىدە،
يۈز بېرىدۇ جۇدۇن سوغۇق ۋە مۇدھىش.
يېغىن بولۇپ، گۈكىرەيدۇ شاماللار،
گويا يېنىپ كەلگەن كەبى يەنە قىش.
ۋادىلارنى قاپلاپ سىلجىپ ئۆتىدۇ،
كوتىرىلگەن كۈلرەڭ بۇلۇت تاغلىرى.
سوغۇق تاڭدا، يېقىن تاغلار ئۈستىدە،
يالتىرايدۇ يەنە قىشنىڭ قارلىرى.
كۈنلەر بويى ئاسمان تۇتۇلۇپ ئالىدۇ،
توپا يېغىپ تۇرىدۇ ئۈندىن كوڭۈلسىز.

قۇياش بولسا گويا دۈگىلەك ئەينەكتەك،
خىرەلىشىپ تۇرىدۇ سوغۇق ۋە نۇرسىز.
ئىزغىرىندا توڭۇپ - تىترەپ كىشىلەر،
ئۆرۈلىدۇ قىشلىق كىيىم - كېچەككە.
كۆپ تالاپەت يەتكۈزىدۇ بۇ جۇدۇن،
باغلاردىكى ئېچىلىپ بولغان چېچەككە.
بۇ چېچەكلەر ئۈششۈپ، چۈشۈپ بەرگىدىن،
ھول - يېغىندا چاپلىشىدۇ پاتقاققا.
تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ قالغان بوۋاقتەك،
ئۆلۈپ كېتىدۇ قەدەم قويماي ھاياتقا.
ئادەملەردە پەيدا قىلىدۇ ئېچىنىش،
كۈلۈپ تۇرغان چېچەكلەرنىڭ قىرىلىشى.
لېكىن نابۇت قىلالمايدۇ ھەممىنى،
قىسقا جۇدۇن، قىشنىڭ ئاجىز تىرىلىشى.
نۇرغۇن چېچەك يەنە ياشاپ قالىدۇ،
بوي بەرمەيدۇ سوغۇق جۇدۇن كۈنىگە.
يەنە ئىللىق باھارىغا ئېرىشىپ،
ئاستا - ئاستا ئايلىنىدۇ مېۋىگە......
ئاھ يۇلتۇزلار...
يۇلتۇز ماڭا چېچەكنى،
چېچەك، چېچەك جۇدۇننى ئەسلەتتى
باھار غالىپ، جۇدۇن بولسا ئۆتكۈنچى...
دەپ ئويلىدىم... ئويلار مېنى شات ئەتتى.

1980 - يىل ئىيۇل، كورلا.



# داستان ۋە باللادىلار



## گـۈدۈك

جاراڭلايدۇ قەھرىتان سوغۇق،
قار يېپىنىپ ئۇخلايدۇ كېچە.
ئۆيدىن چىقىپ كوچىغا بوۋاي،
تۇرۇپ قالدى بىر ھازاغىچە.
يۈز - كوزىنى يالار سوغ شامال،
تۇرۇپ قالدى ھامان بەخۇدۇك.
چۈنكى بۇزۇپ تۈن جىملىغىنى،
پويىز ھە دەپ چالاتتى گۇدۇك.
تومۇرىغا يۈگۈردى يالقۇن،
قەلبى گويا ئوتلۇق بىر بۇلاق.
ھاياجاندىن كۆلۈپ ۋۇجۇدى،
شۇ گۇدۇككە سالدى ئۇ قۇلاق.
خاتىرىسى جانلىنىپ بىردىن،
ئەسكە چۈشتى مۇنداق ھىكايەت:
كەچمىش يىللار، كونا زاماندىن،
دەۋرىمىزگە ئېيتقان شىكايەت.

× ×

ئۇزۇن يوللار، تۈگىمەس يوللار،
ئۇلار كېلەر چەكسىز شەرقتىن.

ئاتلاپ ئۆتۈپ تاغۇ - دەريالار،
قانچە سەھرا، قانچە ئېرىقتىن.
چوڭ سودىگەر — كارۋان باشلىقى،
توختىماستىن قاتنار كۆلىغا.
ھەر قېتىمدا قانچىلاپ جەسەت،
قالار ئىدى كارۋان يولىدا.
قۇملار كۆمۈپ، شاماللار يۇيۇپ،
كۆمۈلمەستىن ئاقىرار سۆڭەك.
ھەر قەدەمدە يالىڭاچ ئۆلۈك،
دەھشەت بىلەن ئېچىلغان ئېڭەك.
بۇ سەپەرگە چىدار تۆگىلەر،
توختىمايدۇ تۆمۈر قوڭغۇراق.
قوڭغۇراقنىڭ مۇڭلۇق ساداسى،
سەھرالاردا تارقىلار يىراق...
ياش بولسىمۇ كارۋانچى ئىدى،
بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان.
ياش قارىغايدەك قامەتلىك ئىدى،
خوجايىنى شۇڭا ياراتقان.
ئاي، يۇلتۇزلار چاقنىغان بىر تۈن،
كارۋان چۆلدە مېڭىپ كېلەتتى.
ئېغىر چامداپ ماڭغان تۆگىلەر،
تاۋار - دۇردۇن تېڭىپ كېلەتتى...
جانسىز تۈنگە سىرلىق تۈس بېرىپ،



جاراڭلايتتى مۇڭلۇق قوڭغۇراق.
تېتىك بولاي دېسىمۇ قانچە،
ئۇيقۇ بېسىپ كېلەتتى بىراق.
ئوڭى بىلەن چۈشى ئارىلاش،
ئولتۇراتتى ئاران ئېگەردە.
قېنىپ - قېنىپ ئىچسەمدىم شۇدەم،
سۇ بولسىدى! — دەيتتى، — ئەگەردە!
كۆز ئوڭىدا كۆرۈنەتتى سۇ،
شاقىرىغان سۈزۈك دەريالار.
ھەم ئاجايىپ سايە - سالقىن باغ،
سايراۋاتقان بۇلبۇل گويالار...
ئۇ يۈرەرمىش گۈللەر ئىچىدە،
بار تەبىئەت ئېتەرمىش شەيدا.
مانا بىردىن قاقاقلاپ كۈلۈپ،
ئۇماق يارى بوپقالدى پەيدا.
ئۇ سۇنارمىش چىنىدە لىق سۇ:
— ئىچكىن جېنىم، ئىچكىن بىر يۇتۇم.
قوللىرىنى ئۇزاتتى يىگىت،
كۆزلىرىگە تەگدى سوغاق قۇم.

× ×

ئويغانغاندا ئەنسىز ئۇيقۇدىن
كۆزى چۈشتى دەسلەپ قۇياشقا.

جانسىز گوبى، جانسىز بىر سەھرا،
چول ئىسسىغى ئۇرۇلار باشقا.
قىيىنخاندا يەنە تەشنالىق،
پىكرى ئىزىغا چۇشكەندە پەقەت،
يوغان - يوغان ئېچىلدى كوزى،
ئايان بولدى ئاچچىق ھەقىقەت.
ئۇيقۇلۇقتا يىقىلىپ قالغان،
سودىگەر ئۇنى تاشلاپ كېتىپتۇ.
يارنى قۇچتى دىگەن قوللىرى،
سوغۇق قۇمنى قۇچۇپ يېتىپتۇ.
ئەتراپىغا باقتى چارىسىز،
پارقىرىدى ئاقارغان سوڭەك.
ياتار قانچە يالىڭاچ ئولۇك،
دەھشەت بىلەن ئېچىلغان ئىڭەك.
تىترەپ كەتتى، كوزىنى يۇمدى،
كىرپىگىدىن تامچىلىدى ياش.
ھۇشسىزلىنىپ قالدى ئولتۇرۇپ،
ئوگى - چۇشى بولدى ئارىلاش.

× ×

ھالسىز تەندە جانلىنىپ ھايات
تەشۋىشلىنىپ ئاچتى كوزىنى.
بۇ نىمە ئىش، قانداق موجىزە؟



بىر توگىدە كوردى ئوزىنى.
ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان،
ئارقىسىغا مىنگەشكەن بىرو.
ئارقىسىغا بۇرۇلدى، كوردى:
يۇز - كوزىنى باسقان "ئاق قىرو"،
چاچلىرىمۇ ئاپپاق بىر بوۋاي،
ئاڭا قاراپ كۇلۇپ تۇراتتى،
ساقىلىغا تامچىلايتتى ياش.
شۇۋىرلىدى تىترەك ئۇن بىلەن:
— تىرىلدىڭمۇ، جېنىم قېرىنداش؟
بىزنىڭ كارۋان كورۇپ قالمىسا،
شۇ چوللەردە قېلىپ كېتەتتىڭ!
بىر چىنە سۇ ئۇمىدىنى ھەم،
ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەتتىڭ!...

× ×

قانچە ئېغىر، قانچىلىك ئاچچىق —
خاتىرە بۇ، ئاھ جېنىم ئاتا.
گۇدۇك تەكرار ياڭرىسا مەغرۇر،
كوزلىرىڭدىن ياش تامار ھەتتا.
ئاشۇ گۇدۇك قېرى قەلبىڭنىڭ —
ئارزۇسىنى ياشارتىپ كەلگەن.
ئاشۇ گۇدۇك ئوتۇپ چوللەردىن،

كۆتكىنىڭنى بوگۈن ئەكەلگەن.
يول ئازاۋى — گور ئازاۋى دەپ،
ئەمدى ئەندىش قىلمايسەن يولدا.
شەرەپ تاپسۇن، شان تاپسۇن دەيسەن،
قۇم - چوللەرنى جانلاتقان قولغا.
تۇن قوينىدا قىپقالدىڭ ئۇزاق
ئاشىق يىگىت يارغا باققاندەك.
سەزمەيسەن ھىچ قاتتىق سوغۇقنى
يان - يېنىڭدا باھار ياتقاندەك.
تۇن قوينىدا ياڭرىغان گۇدۇك،
سوغۇق زۇلمەت باغرىنى يارار.
ئۇنتۇدۇڭسەن ئۇيگە كىرىشنى
ئاھ، گۇدۇك، دەپ پىچىرلاپ تەكرار.
تومۇرۇڭدا يۇگۇرەر يالقۇن،
يۇرىگىڭ گويا ئوتلۇق بىر بۇلاق.
ھاياجاندىن سىلكىنىپ قەلبىڭ،
شۇ گۇدۇككە سالىسەن قۇلاق...

1963 - يىل ئوكتەبىر، ئۇرۇمچى.



## گۇلدۇرماما

ئۇستىمىردە سايرايدۇ كاناي،
دولقۇنلايدۇ بىر مۇقەددەس مارش.
تومۇرلاردا ئاقار ھاياجان،
كوزلىرىمىزدە بۇركۇتتەك قاراش...
شەرقنىڭ كۇچ - قۇدرىتىدىن
شاتلىنىمىز، تاپىمىز ئارام،
ئۇلۇغ مارش①نىڭ ياڭراق ساداسى
قەلبىمىزدە ئەتمەكتە داۋام:
"قوزغال، ئاچ ھەم يالىڭاچ قۇللار،
قوزغال، پۇتكۇل خارلانغان ئىنسان!"
دەيدۇ ئۇستاز: خىيالىمدىدۇر
كەچمىش ئومۇر — كېلىچەك غايە،
ئولتۇرايلى، قېنى، بىر نەپەس،
شۇ توغرىلىق سوزلەي ھىكايە.

× ×

ئۇزى نامرات، قەلبى ئويغاقلار

① ئىنتېرناتسونال مارشى.

تىغ كۆتەردۇق كونا دۇنياغا،
قىزىل لېنتا باغلىدۇق مەھكەم،
مىلتىق بىلەن نەيزە، ئوق - ياغا.
تىزما تاغلار...
ياپ - يېشىل تاغلار
ئېغىر جەڭدە ياردار بولغان.
قان ئاقىدۇ ئورمانلار ئارا،
كېچىلەردە يورۇيدۇ گۈلخان.
تەڭسىز جەڭلەر باشلاندى، ئىنىم،
بۇ تاغلارنى قاپلىدى بۇلۇت.
يوپۇرۇلدى بىزگە دۈشمەنلەر،
ئۈششۈك يېگەن ھەرىدەك بولۇپ.
دۈشمەنلەرنىڭ ئىككى تۈمەن كۈچى
قورشىۋالدى بىزنى چوققىدا،
يىگىرمىدىن ئارتۇق كىشىدۇق،
جەڭگە كىردۇق جان ئەيلەپ پىدا.
قوغدار ئىدى قىزىل بازىنى،
بىزنىڭ قالمىش يولداشلىرىمىز.
يىگىرمىدىن ئارتۇق پارتىزان،
مەھكەم تۇردۇق جەڭدە ھەممىمىز.
ئەتراپلارغا ئوت قويدى دۈشمەن،
ئەجەل ھىدى تۇتتى پەلەكنى.
غەزەپ - نەپرەت گويا ئوت بولۇپ،
يالقۇنلاتتى قىزىل يۈرەكنى.



تار قورشاۋنى تارايتماقتا ئوت،
ئوت يالقۇنى ئوراپ بىزنىمۇ،
ۋە تۇتىشىپ كېيىمىمىزگىمۇ،
بەرمەي قويدى جەڭ قولايلىنى،
ئىنتىلەتتۇق جەڭگە كىرىشكە.
ئوت ئىچىدە تىك تۇرۇپ، ئاخىر،
قارشى تۇردۇق كۆيۈپ ئۆلۈشكە.
ياشاش كېرەك بۈيۈك غايىمىز،
شەرىپىمىز - شانىمىز ئۈچۈن!
ياشاش كېرەك كېلىچەك ئەۋلات،
دوستلىرىمىز، يارىمىز ئۈچۈن!
ئۆلۈش كېرەك بولسا ئەگەردە،
بىز ئۆلەيلى جەڭدە مەردانە.
كۆيۈپ تۈگەر بەلكى جىسمىمىز،
ۋە روھىمىز ياشايدۇ يەنە!
يىگىرمە دوست، يىگىرمە يولداش
ياڭراتتۇق بىز تەنتەنىلىك مارش:
"قوزغال، ئاچ ھەم يالىڭاچ قۇللار،
قوزغال، پۈتكۈل خارلانغان ئىنسان!"
شۇ ناخشىمىز تىترىتىۋەتتى،
بۇلۇت باسقان كونا دۇنيانى.
ئاۋازىمىز گۈلدۈرمامىغا
ئايلاندى ۋە تۇتتى ھاۋانى.
تەبىئەتنىڭ چاقمىقى ئەمەس،

بۇلۇتلارنى كەسكۈچى شولا.
قانلىرىمىز ئۇتقا چېچىلدى،
چاقماق بولۇپ چاقنىدى قانلار.
بىز ياڭراتتۇق قۇدرەتلىك مارش،
دۈشمەن پەستە ۋاقىرايدۇ دات.
قوشۇنىمىز كەلدى ياردەمگە،
گويا قېقىپ بۈركۈتتەك قانات.
ھايات قالدۇق، لېكىن ياردار —
بولدۇق، تەندىن بۇخسۇيدۇ تۈتۈن.
ناخشا بىلەن نەپەس ئالدۇ،
ۋۇجۇدىمىز — قەلبىمىز پۈتۈن:
"ئىنتېرناتسونال
چوقۇم ئاشىدۇ ئەمەلگە!"
تەكرارلىدى يەرۇ ۋە ئاسمان،
ياڭراپ كەتتى قۇدرەتلىك خور.
گۈلدۈرماما ياڭرىدى كوكتە،
ۋە ئۇپۇقنى يۇيدى قىزىل نۇر.

× ×

ئوتتۇز بەش يىل ئۆتتى، بۇ ناخشا
ياڭراپ كېلەر ئېلىمدە ھامان.
سابىق نامرات يالىڭاچ قۇللار،
ياراتماقتا گۈزەل بىر جاھان.



ئوتتۇز بەش يىل چىقمىدىم جەڭدىن،
بۇ ناخشىغا ھاياتىم يولداش.
ھەر ئاڭلىسام كوزۇمدە چاقنار،
يالقۇنلۇق ئوت، جەڭگىۋار قاراش.
تارمار قىلىپ كونا دۇنيانى،
قەدىم ئەلنى يورۇتتى قۇياش.
بۇ قۇياشكى، ئۇلۇغ گۈڭچىنداڭ،
تاڭ ياراتتى ئەلگە بولۇپ باش.
ئاڭلا، بۇنى سەن قىزىل ئەۋلات،
سوزلەپ بەردىم دىمەك يېڭى دەرس.
ئالدىڭدىدۇر تالاي چېلىشلار،
توسقۇنلارنى يەڭگىن چىدەس.
بۇ ناخشىنىڭ شانلىق روھىنى
ئەۋلادىڭغا يەتكۈز سەنمۇ ھەم.
ئۇ يەتكۈزسۇن ئوز ئەۋلادىغا،
قىزىل نۇرغا پۈركەلسۇن ئالەم!

1964 - يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى.

## گۈرۈلدەيدۇ غالىپ بورانلار

ئىنقىلاپنىڭ قاراۋۇلمەن،
كوز ئالدىمدا ياتار كائىنات.
مېنى تۇغدى، مېنى ياراتتى،
قايناق كۈرەش، گۈللىگەن ھايات.
شولا چېچىپ بېشىم ئۈستىدە،
لەپىلدەيدۇ قىپ-قىزىل بايراق.
قەد كوتىرىپ دەسسەپ تۇرغىنىم،
قىزىل قانلار توكۈلگەن تۇپراق.
چېچەكلىگەن شانلىق ۋەتەننىڭ،
جەڭچىسىمەن پولات سىلتىقلىق.
يېشىلمەيدۇ بېلىمدىن كەمەر،
قەلبىم رىشتى ئاڭا چېتىقلىق.
مېنىڭ كوزۇم شۇڭقار كوزلىرى،
يۇمۇلمايدۇ ئۇلار ھېچقاچان.
پۇرۇخ ھىدى تېخى ھاۋادا،
كونا دۇنيا تالاشماقتا جان.
تاشلىمىغان تېخى خەنجەرنى،
سوڭەك بىلەن ماكان قۇرغانلار.



جەڭ دۇلدۇلى كىشنەيدۇ شۇڭا،
گۈرۈلدەيدۇ غالىپ بورانلار
يوللار مۇشكۇل، مەنزىلدۇر ئۇزاق،
مىلتىقلىقمەن چېلىش بالىسى.
مېنى جەڭگە چىللايدۇ غايە،
بورانلارنىڭ مەغرۇر ئانىسى.
قارغاي سۇپەت ۋۇجۇدۇم مېنىڭ،
كۈچكە تولغان، ۋايىغا يەتكەن.
ئەجداتلارغا بولمەن ۋارىس،
ئەجدادىمدۇر شونى ئۇگەتكەن.
مەن قولۇمغا مىلتىق ئالغان كۈن،
ئەجدات ئۇنى چىڭ تۇتقىن، دىدى.
ۋە ئېيتتىكى، ئۇنۇتما يىگىت،
بوۋىلىرىڭ مىلتىقلىق ئىدى.
تىزغىنچە قان كېچىپ ئۇلار،
مىلتىق بىلەن باسقانتى ئالغا.
قۇچاقلاشما جەڭلەر ئىچىدە،
يېڭى تارىخ كەلدى دۇنياغا...
ئاڭلاپ ئۇستۇم كەڭ داللاردا،
كەتمەنلەرنىڭ گۈپۈلدىشىنى.
ئاڭلاپ ئۇستۇم غالىپ قوشۇندا،
قەدەملەرنىڭ دۇپۇلدىشىنى.
يۈرۈشلەرنىڭ تەنتەنىسىدە،
شادىيانە ئۇردۇم ناغرىنى.

مانا، مىنىڭ بولۇپ يېتىشتىم،
ئېمەپ شانلىق يىللار باغرىنى.
مەن قولۇمغا مىلتىق ئالغان كۈن،
ئاتام قوشقان ئەتلىمىگە ئەقىل.
ھاياجاندىن تىترەپ ئۈنى،
شۇم ئۆتمۈشتىن كەلتۈرگەن نەقىل:
ئەستە تۇتقىن قۇراللىق ئوغلان،
سەن ئاتاڭنىڭ دىگەنلىرىنى.
ئەستە تۇتقىن مىلتىقنىڭ بۈگۈن
كىم قولىدا ئىكەنلىگىنى.
ئۆتمۈشتە بايلار مىلتىقلىق ئىدى،
ئۇلار بىزنى قىرغان، چەيلىگەن.
ئۆتمۈشتە بەگلەر مىلتىقلىق ئىدى،
ۋە مەلىنى پايمال ئەيلىگەن.
بىزنىڭ مەلە بولۇپ كەلگەنتى،
زامانلارنىڭ ئۆگەي بالىسى.
ئاڭلىناتتى كۈن - تۈنى پەريات،
ۋە ھاياتنىڭ ئاچچىق نالىسى.
بىز ياشايتتۇق پاخال كەپىدە،
تىترەپ قاسساپ ئۆشكىسىدەك.
كېسەل قىيناپ ئىڭرايتتى ئانا،
ئانا، نان! دەپ يىغلايتتى گودەك.
مالاي ئىدۇق بوۋاڭ بىلەن مەن،
ئىشلەر ئىدۇق بەتتەر ئۆكۈزدىن.



يەلكىمىزدىن كەتمەيتتى قامچا،
ياش بىلەن قان ئاقاتتى كوزدىن.
باھار ئىدى، سېرىقتال كۈنلەر...
جىرالاردا تېخى قار ياتقان.
كوكۈش مۈزدەك ئاسمانلار سۈزۈك،
قۇياش جانسىز پارقىراپ باتقان.
دوغا كەلدى ئىشىگىمىزگە،
سېلىق ئۈچۈن بەگلەر ئەۋەتكەن.
قۇرۇق ئىدى مىسكىن كەپىمىز،
بارى بىسات سېلىققا كەتكەن.
تولەلمىدۇق دوغىغا تەڭگە،
سالالمىدۇق ئاڭا داستىخان.
بىزدە پەقەت بار ئىدى جانلار،
قۇرۇق تېرە، ئاجىز ئۇستىخان.
دوغا ھەيدەپ ماڭدى بوۋاڭنى،
بەگلىك ھويلا، قانلىق دەرەخكە.
ئۇ كىيگەن ئاق ماتا يول بويى،
ئوخشاپ قالدى قىزغۇچ شەپەققە.
باغلاندى ۋە ئېسىلدى بوۋاي،
بەگلەر ئۈنى قىستاققا ئالدى.
يامپىشنى شىلدى نەيزىدە،
قىزىل سوڭەك ئېچىلىپ قالدى.
تۈز سېپىشتى يەنە زالىملار،
چۈچۈلىنى ياتتى قارنىغا.

ئۇلار بىھوش بوۋاقنى ئاخىر،
تاشلاپ قويدى سۇ زىندانىغا.
جان تالاشتى بوۋاي ھەپتىلەر،
لەيلەپ قالدى سۇدا جەسەدى...
ئاھ ئۇ چاغلار ئالەم قاراڭغۇ،
يوقسۇللارغا ياشاش تەس ئىدى.
مەن جەسەتنى كورگەن قارا كۈن،
ئۆرغۈپ چىقتى يۈرىگىمدىن قان.
غەزىۋىمنى تۇتالمىدىم ھىچ،
ۋە مۇشتلىرىم كوتەردى ئىسيان.
گۈپۈلدىدى مىلتىقىمۇ لېكىن،
كوز ئالدىمدا ئايلاندى دۇنيا.
كويدى يەلكەم، يىقىلدىم يەرگە،
ھەرىلەنگەن تېرەكتەك گويا...
قەۋرىستاندىن، ئوچۇقچىلىقتىن،
مېنى تېپىپ چىقتى يارانلار.
مەن ئولمىگەن، ياق مەن ئولمىگەن،
كوتىرىلدى ھەمدەرت چوقانلار.
تومۇرۇمدا جۇشقۇنلىغان ئوچ،
تەلپۈنەتتى ھايات بەھرىگە.
يۇلتۇز ساناپ ياتتىم كەپىدە،
لەنەت ئوقۇپ زۇلۇم ئەھلىگە...
.......
.....................
ئەستە تۇتقىن قوراللىق ئوغلان،



سەن ئاتاڭنىڭ دىگەنلىرىنى.
ئەستە تۇتقىن مىلتىقىڭنىڭ بۈگۈن
كىم قولىدا ئىكەنلىگىنى.
قىرقىماقنى ئويلايدۇ ياۋلار،
ئەركىن يايغان قاناتىمىزنى.
قوغدىغىن سەن جەڭگىۋار پوستا،
ھورلىگىمىز، ھاياتىمىزنى!
ئاتام ئېيتقان دەستۇرنى دائىم،
تەكرارلايدۇ ماڭا ئانا يەر
مەن سادىقمەن ئاڭا تېنىمدىن،
تاكى تىنىق توختىغان قەدەر.
ھارماي-تالماي مەشق قىلىمەن،
بۇ دەستۇردىن چەكسىز كۈچ ئالدىم.
يۈرىگىمدىن كەتمەيدۇ غەزەپ،
گويا ئوچمەس ئوت بولۇپ قالدىم.
مىلتىق تۇتقان قوللىرىم گاڭدەك،
تەن-تېنىمدە قاينار ھاياجان.
پۈتمەس قۇۋۋەت سەزدىم ئوزەمدە،
روھىم يالقۇن، مىلتىغىمدۇر جان.
ياشىسامۇ كىچىك مەلىدە،
ئاڭ-پىكرىمگە دۇنيا پاتىدۇ.
تومۇرۇمدا قايناپ-جۇش ئۇرۇپ،
ئەجدادىمنىڭ قېنى ئاقىدۇ.
مەن مەشىققە چىققاندا ئورلەپ،

پەستە قالار پارلىق قىيالار.
ئىلتىغىمنى ئاتقاندا بەتلەپ،
گۇم بولدۇ ھەممە نىشانلار.
قەدەم قويسام جەزىرىلەرگە،
يوق بولدۇ ئۇمۇ شۇئانلا.
مېنىڭ مەشقىم قوغداش ئۈچۈندۇر،
ئىنقىلاپنىڭ گۈل - چېچىكىنى.
مېنىڭ مەشقىم قوغداش ئۈچۈندۇر،
ئىنسانىيەت كېلەچىكىنى!...

× ×

ئىنقىلاپنىڭ قاراۋۇلمەن،
كۆز ئالدىمدا ياتار كائىنات.
مېنى تۇغدى، مېنى ياراتتى،
قايناق كۈرەش، چېلىشچان ھايات.

1964 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى



## ئېپەك يوللىرىدا يېڭى سەھىپە

### I

مەن سەپەر ئۈستىدە باستىم ئۇزۇن يول،
بۇ يوللار شۆھرەتلىك ئېپەك يوللىرى.
بۇ يوللار ئۈستىدە چاقنايدۇ پارلاق،
قۇدرەتلىك ھاياتنىڭ ئۆچمەس نۇرلىرى.
بۇ ئۇزاق يوللاركى مىسالى تارىخ،
كارۋانلار ئۈزۈلمەي ئۆتكەن قەدىمدىن.
مېھنەتچان بوۋىلار ئاچقان يوللار بۇ،
ئېپەكنىڭ ماكانى بولغان زېمىندىن.
كېپىنەك چېچەكنى چۆگىلىگەندەك،
بۇ يوللار توغرىلىق بولدى خىيالىم.
بۇ يوللار ياراتتى بىر گۈزەل قوشاق،
بۇلاقتەك جۇش ئۇرۇپ تاشتى ئىلھامىم.
ئەسىرلەر سۇزۇلۇپ تاڭ ئۇپۇقىدەك،
كۆزۈمگە كۆرۈندى قەدىم كارۋانلار.
ئېچىلدى يوللارنىڭ سەھىپىلىرى،
ئىز باسقان دەۋرلەر، ئۆتكەن زامانلار.

## II

ئېقىنلار كېلىدۇ قارلىق تاغلاردىن،
تاغلار قەد تىكلەيدۇ زېمىن ئۈستىدە.
بوستانلار دەرەختىن بولىدۇ ھاسىل،
دەرەخنىڭ يىلتىزى تۇپراق ئىلكىدە.
باشلىنىپ چاڭئەندىن يىپەك يوللىرى،
غەرپكە سوزۇلغان چىققان جايىدىن.
سوزۇلغان مىسالى كۈمۈش لېنتىدەك،
يېيىلىپ ۋەتەننىڭ گۈزەل باغرىدىن.
خېشى كارىدورىنى بويلاپ بۇ يوللار،
ئۆتىدۇ چىلەنشەن ۋادىلىرىدىن.
كارۋانلار رەسمى قالغان جاي ئېلىپ،
دۇڭخۇاڭ شەھرىنىڭ تاش غارلىرىدىن.
قاش تېشى قورۇلىدىن ئۆتكەندە بۇ يول،
بىپايان قۇملۇقلار ئاچقان كەڭ قۇچاق.
تيانشان، ئالتۇن تاغ ئېتەكلىرىدە،
يالقۇنجاپ ئوت ئالغان سانسىز تاش ئوچاق.
يوللارنىڭ ھەمراسى بولغان چۆللەردە،
توغراق ۋە يۇلغۇننىڭ شىلدىرلاشلىرى.
بۇلاق كۆز جەرەنلەر قالغان قارىشىپ،
ئاڭلانسا مەپىنىڭ جىرىڭلاشلىرى.
يوللارنىڭ ئۈستىدە ياپ - يېشىل بولۇپ،
جاي ئالغان تارىمنىڭ بوستانلىقلىرى.



شەھەردىن - شەھەرگە داۋام قىلىپ يول،
سوزۇلغان يىراق ۋە يات ئىقلىم سېرى.
بىر شېخى كوئېنلۇن باغرىنى بويلاپ،
تاغ ئارا يول ئالغان كەشمىر قىرىغا.
ھىندىقۇش باغرىنى يېرىپ بىر شېخى،
سوزۇلغان پىرسىيە ۋادىلىرىغا.
سوزۇلغان بۇ ئۇزاق، ھاياتى يوللار،
ئىستامبۇل، باغداتقا ۋە رىمغا قەدەر.
قاينىغان سودا ۋە مېھنەت ئەۋجىدە،
ياشنىغان ئاۋاتلىق ئەسىر - ئەسىرلەر.

## III

يۈرەكتىن تارقالغان قان تومۇرىدەك،
مەنزىللەر بويلايدۇ يىپەك يوللىرى.
يالتىراپ تۇرىدۇ ئۇندا نۇر بولۇپ،
ئالتۇن سەھىپىنىڭ ئۆچمەس قۇرلىرى.
بۇ قۇرلار ئىچىدە كۆرۈنۈپ روشەن،
نامايان بولىدۇ قەدىمقى كارۋان.
مارجاندەك تىزىلىپ ئۆتەر تۆگىلەر،
ئۇزاق ياۋروپاغا قاراپ يول ئالغان.
يىپەك يوللىرىنىڭ سودىگەرلىرى
يۆتكىگەن ئۇ يۈكلەر رەڭمۇ - رەڭ، ئېسىل.
ئۇنىڭدا سۇجۇنىڭ دۇخاۋىلىرى،

مايسا رەڭ، هاۋا رەڭ، زەيتۇن رەڭ، قىزىل.
ئۇنىڭدا خانجۇنىڭ ھېلىھەلىلىرى،
گۈلدۇر كوك ئاسمان ۋە ئاپپاق بۇلۇت.
كالۋاتۇن نەقىشلىك كىمخاپلىرىدا
ئەھدىها ئۇچىدۇ قاناتلىق بولۇپ.
كۇچارنىڭ هاۋا رەڭ گىلەملىرىدە،
قوش شىرلار سەكرەيدۇ يېيىپ يايلىنى.
خوتەننىڭ تاش بوياق زىلچىلىرىدا،
كورسەن بادامزار گۈرەل ۋادىنى.
بۇ يۇكتە ياڭاقلار، پىستە ۋە چىلان،
قەشقەرنىڭ شايىسى ۋە گۈللۈك ماتا.
يۇكلەرنىڭ ئۈستىگە بارار تېڭىلىپ،
يەكەننىڭ نەقىشدار تەمبۇرى ھەتتا.
بۇ يۇكتە مۇجەسسەم توقۇمىچىنىڭ
ئەقلۇ - پاراستى، قول ھۈنەرلىرى.
بۇ يۇكتە پارلايدۇ خۇددى يۇلتۇزدەك،
چاي تەرگەن قىزلارنىڭ ماڭلاي تەرلىرى.
بۇ يۇكتە كولاللار تارتقان جاپالار،
سەنئەت مۇشەققىتى، مېھنەت بەركىتى.
بۇ يۇكلەر مىۋىسى ئەمگەك ئەھلىنىڭ،
بۇ يۇكتە ۋەتەننىڭ شانۇ - شەۋكىتى.
مەنزىلگە يەتكەندە كارۋاننىڭ يۈكى،
خېرىدار توپلىشىپ قىزىيدۇ بازار.
ماكىدون قىزلىرى، رىم يىگىتلىرى،



يۇكرەيدۇ ماللارغا بولۇپ ئىنتىزار.
كۇچارنىڭ هاۋا رەڭ گىلەملىرىنى
ھوجرىغا ئاسىدۇ ئەرەپلەر دەرھال.
جانان پىيالىگە مەپتۇن تۈركلەر،
بۇيۈك چىن توغرىلىق سۈرىدۇ خىيال.

## IV

بۇمۇ بىر سەھىپە يول تارىخىدا:
قۇرلىرى قان ئىزى، كوز يېشى دېغى.
زۇلۇم ۋە نامراتلىق قارا بۇلۇتتەك،
بۇلۇتلار ئىچىدە ئىسيان چاقمىغى.
كەچكى كۈن نۇرىدەك قىزغۇچ شولىلار،
يورۇتۇپ كېلىدۇ ئۇنى مىڭ يىللاپ.
غەزەپلىك، نالىلىق قۇرلىرى ئارا،
خىيالچان توختىلىپ، ئوقۇيسەن يىغلاپ.
سۇبھى ئۇپۇغىدا غەمكىن نۇر چېچىپ،
يوللارنى يورۇتار زوھرە يۇلتۇزى.
باياۋان...يول ئوتكەن قۇملۇقلار ئارا،
كورۇنەر ئۇركىگەن ماراللار ئىزى.
سورىلىپ بارىدۇ قاتارمۇ - قاتار،
سۇرگۇنگە ھەيدەلگەن سانسىز دەرتمەنلەر.
شەھەر - يېزىلاردىن تۇتقۇن قىلىنغان
دېھقانلار، باغۋەنلەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر.

ئۇلارنى ئاپىرار قۇل دېخان قىلىپ،
ئادەمسىز بوزلارغا، خىلۋەت تاغلارغا.
بۇ قۇللار يەر ئېچىپ، ئۇستەڭلەر چېپىپ،
زىرائەت ئېكىدۇ بەگلەر، خانلارغا.
ئۇن مىڭلاپ كىشىنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭى،
تارقىلار ھاياتسىز چۆللەر باغرىدا.
بارىدۇ چىرىكلەر قىلىچ يالاڭلاپ،
تۇتقۇنلار سېپىنىڭ كەينى-ئالدىدا.
قۇملۇقلار ئۈستىدە قانغا سىلىنەر،
كىمىكى جان تىكىپ كۆتەرسە ئىسيان.
قالىدۇ سادا بوپ گۈلدۈرمامىدا،
ئۇ ئۇلۇم ئالدىدىن كۆتەرگەن پىغان......
بۇ ئۇزاق يوللاردىن ئۆتەر ئۈزۈلمەي،
كوئىنلۇن، پامىرنىڭ مۇساپىرلىرى.
يۇرتىدا قالىدۇ غەمكىن تەلمۈرۈپ،
ئايالى، باللىرى ۋە قېرىلىرى.
ئاچۇ-زار ئاقىدۇ تەرەپ-تەرەپكە،
ھاياتلىق كويىدا ئۇلار ئىنتىزار.
كېزىدۇ ھەر يەردە سەرسان-سەرگەردان،
كىشىلەر ئىشىگىدە بولۇپ خارۇ-زار.
ئېسىشىپ خۇرجۇن ۋە قاپاقلىرىنى،
چۆللەردىن ئۆتىدۇ ئۇلار ئەلەمدە.
يالىڭاچ تاپاندىن چاچرىغان قانلار
قالىدۇ يۇلغۇندىن كورۇنگەن رەڭدە.



قان يىغلاپ دۇنيادىن ئۆتەر قېرىلار،
ئوغلىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئۇزاق.
باللار ئۇسىدۇ دادىنى كورمەي،
ئايالنىڭ چېچىدا كوپىيىدۇ ئاق.
يۇرىدۇ بۇ دەۋران بەختسىزلىرى،
يۇرتىغا قايتىمىغى بولۇپ خام خىيال.
جاپا ۋە مۇھتاجلىق ئېزىپ قەددىنى،
يۇزىگە قورۇقلار چۈشىدۇ تال-تال.

## V

خاتىمە تاپقاندا قانلىق سەھىپە،
بۇ يوللار ئۇستىدە مەن گۇۋا ئىدىم.
يۇرتىمىز تەقدىرى تاپقاندا نىجات،
مەن تېخى كوپ كىچىك بىر بالا ئىدىم.
دادامنىڭ بويىنىغا ئولتۇرۇپ ئېلىپ،
بارغانمەن قەدىمىي يوللار بويىغا.
ئۇ چاغلار يەتتە شەھەر كەمبەغەللىرى،
يول بويلاپ توپلاشقان ئەرك تويىغا.
ئاق تۇماق ۋە يىرتىق چەكمەن ئىچىدە،
قاق سوڭەك دادىلار تۇراتتى كۇلۇپ.
يامالغان بوز كوينەك كىيگەن ئانىلار،
يوللارغا باقاتتى غەمكىن تەلمۈرۈپ.
تانكىلار گۈلدۈرلەپ ئۆتتى يوللاردىن،

كەڭ چوللەر باغرىدا زىلزىلە سېلىپ.
ئوتتۇشتى سەپمۇ - سەپ خەلق قوشۇنى،
ئازاتلىق، ئەركىنلىك، سائادەت ئېلىپ.
باغرىلار ياڭرىدى خوشال ساماغا،
سۇنايلار كۈيلىدى ئارزۇ - ئىستەكنى.
دولقۇنلۇق باغشىلار ئورلەپ ھاۋاغا،
بەختىيار چۇقانلار تۇتتى پەلەكنى.
ئېسىمدىن چىقمايدۇ شۇ ئۇچرىشىشتا،
شاتلىقتىن توكۇلگەن كوپ كوز ياشلىرى.
ئېسىمدىن چىقمايدۇ مېھنەت ئەھلىنىڭ
يېڭىچە، ئۇمىتلىك، شات قاراشلىرى......

## VI

مەن سەپەر ئۈستىدە ئوتتۇم يوللاردىن،
يول بويلاپ كورگىنىم يېڭى بىر چېلىش
يېپەك يوللىرىدا يېڭى سەھىپە،
تېخنىكا، ئىلىمگە بولغان ئىنتىلىش،
پويىزلار چاپقاندا ئىسسى چوللەرنى،
كوكلەم بولۇتىدەك قاپلاپ ئوتىدۇ.
قاتنىشى مىڭلىغان ئاپتوموبىللارنىڭ،
بۇ ئۇزاق يوللارنى ئاۋات ئېتىدۇ.
ئۇلارنىڭ يۇكلىرى رەڭمۇ - رەڭ، ئىسىل:
خىلمۇ - خىل ئىستانوك ۋە تىراكتورلار؛



زاۋوت ۋە فابرىكا ئۇسكۇنىلىرى،
قىدىرىش سايمانلىرى ۋە تۇرۇبىلار؛
ئېلېكتىر قۇۋۋىتى ماشىنىلىرى —
تۇنلەردە چاچقۇچى ئاق كۇمۇش نۇرلار؛
تونىلاپ توشۇلار كېچە ۋە كۇندۇز،
خىمىيە ئوغۇتى، ھەر خىل دورىلار.
ئازادە، ئەينەكلىك ئاپتوۋۇزلاردا،
ئوقۇشقا ماڭىدۇ مىڭلىغان ياشلار.
قەلبىدە ئىلىمگە ئوتتەك تەلپۈنۈش،
كوزىدە پىكىرلىك، چىچەن قاراشلار.
ئۇلارنىڭ قوي كوزى، قارا قاشلىرى،
ئوخشايدۇ قەدىمقى بوۋىلىرىغا.
كەڭ يەلكە، چەبدەستلىك، جەسۇر قاراشنى،
قالدۇرغان ئەجداتلار بوغۇنلىرىغا.
قىزلارنىڭ ئالما يۈزى، كوكۇل چاچلىرى،
ئوخشايدۇ قەدىمقى قىزلارنىڭكىگە.
چىرايى ئوخشايدۇ، لېكىن ھاياتى
ئوخشىماس ئۇلارنىڭ كورگەن كۇنىگە.
بۇلاردۇر كارۋىنى بۇگۇنكى كۇنىڭ،
نەسەپتىن ئوزگىچە تەقدىرى - ھالى.
باشقا بىر سەھىپە، باشقا بىر دۇنيا،
ئۇلارنىڭ ئويلىرى، پىكرى - خىيالى.
ئۇلارنىڭ پىكرىدە جەۋلان قىلىدۇ،
كېلىچەك ھاياتنىڭ پارلاق يوللىرى.

يۇرتىمنىڭ ئىقبالى توغرىلىق ئويلار،
يېپەك يوللىرىنىڭ بۇ بوغۇنلىرى.
ئۇلارنى ئالەمچە روھلاندۇردى،
ۋەتەندە باشلانغان تارىخى چېلىش.
ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قىزغىن بىر نىيەت:
ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش......
ئۇلارنىڭ پىكرىدە: يەر قەۋەتلىرى،
نېفىتلىك ئىزلەشنىڭ ئىلمىي يوللىرى.
ئوزىگە تارتىدۇ تەسەۋۋۇرىنى
ھۈنەر - تېخنىكىنىڭ قان تومۇرلىرى.
ئۆگىنىپ ئاچماقنى قىلىدۇ غايە،
خىمىيە، فىزىكىنىڭ يېڭى سىرىنى.
ئويلايدۇ تاغلارنىڭ باغرىدا ياتقان،
خىلمۇ - خىل مەدەنىنىڭ رۇدىلىرىنى.
ئاسماندا نۇر چېچىپ ئايلىنار قۇياش،
ئۇنىڭدىن ئىلمىيدۇ جاھان قۇچىقى.
ئۇلارنىڭ پىكرىدە جەۋلان قىلىدۇ،
قۇياش دۇنگاتېلى، قۇياش ئوچىقى.
تارتىدۇ ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشىنى،
ئاتومنىڭ قۇۋۋىتى، يادرو نۇرلىرى.
ئويلايدۇ ئېكىننىڭ يېڭى سورتىنى،
كۆڭلىدە يۇرتىنىڭ مول ھوسۇللىرى.



بۇ يېڭى تارىخنىڭ باپانلىرىنى،
ئالتۇن قەلەم بىلەن يازىدۇ شۇلار.
بۇ يوللار ئۈستىدە چاقنايدۇ پارلاق،
قۇياشتەك ئەبەدى، ھاياتىي نۇرلار!......

1979 - يىل مارت، كورلا.

# قىزىلگۈل

## (داستان)

باھار كېلىپ يەر - يۈزىگە تارالغاندا،
ئېتىز - قىرلار گۈل - چېچەككە ئورالغاندا،
بىر گۈزەل گۈل پورەك ئاچار سەھەرلەردە،
دەريا بويى، يېزا - قىشلاق، شەھەرلەردە.
خەلق ئۇنى قىزىلگۈل دەپ ئاتايدىكەن،
ئەتىۋارلاپ كوكرىگىگە تاقايدىكەن.
ئېچىلسىمۇ سان — ساناقسىز گۈللەر بىراق،
بەرمەيدىكەن قىزىلگۈلدەك خۇشبۇي پۇراق.
قاچانلاردىن پەيدا بولغان بۇ گۈل، لېكىن،
تارىخىنى بىلمەيدىكەن تېخى ھېچكىم.
تۈمەن خەلقىنىڭ بار بۇ ھەقتە رىۋايىتى،
"مېيگۈيخۇا" دەپ ئاتىلار ئۇنىڭ ئېتى.
بۇ رىۋايەت كېلەر قەدىم زامانلاردىن،
ساۋاق بېرىپ ياخشى بىلەن يامانلاردىن.
بوۋىلارنىڭ نەۋرىلەرگە ھېكايىتى،
ئۆتكەن قارا ئەسىرلەردىن شىكايىتى.



## بىرىنچى باپ

قەدىم ئۆتكەن خاقانلارنىڭ زامانىدا،
گۇاڭشىنىڭ تاغلىق چېگرا تامانىدا،
بىر ئاجايىپ گۈزەل يېزا بولغان ئىدى،
ئەتراپلىرى ئورمان بىلەن تولغان ئىدى.
شىمالىدا پاكار تاغلار ئۈزۈك - ئۈزۈك،
كېسىپ ئۆتەر تىنچ فۇبۇ① سۈيى سۈزۈك.
بۇ يېزىدىن باھار ۋە ياز كەتمەس ئىدى،
قىش سوغلىرى قەدەم تەشرىپ ئەتمەس ئىدى.
باش ئۈستىدە ئايلىناتتى ئوتلۇق قۇياش،
قار يە قىرو كۆرمەس ئىدى تۇپراغۇ - تاش.
دەرەخلىرى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان،
چەكسىز جەنۇپ چاتقاللىرى قۇچاقلاشقان.
ئورمانلاردا سازچى قۇشلار سايرىشاتتى،
شوخ مايمۇنلار شاخلار ئارا يايرىشاتتى.
ھەر كۈن جەنۇپ يامغۇرلىرى شاقىرايتتى،
ئارقىسىدىن ھەسەن - ھۈسەن پاقىرايتتى.
ۋادىلاردا مىڭ ياڭزا گۈل پۇراق چاچقان،
زەپ كوگۈللۈك مەنزىرىلەر قۇچاق ئاچقان.
كوكۈلمەيدان تاغ ئارىسى، سايدا لېكىن،

① دەريا نامى

پاكار - پاكار كەپىلەرنى كورۇش مۇمكىن.
كەپىلەردە يېزا خەلقى ياشايدىغان،
باشلىرىدا چىغ شىلەپە يوغان - يوغان.
كىيىملىرى ئاددى، لېكىن كەشتە باسقان،
يەلكىلەرگە يوغان بامبۇك سىۋەت ئاسقان.
زالىملارغا سىلىق تولەپ خار بولاتتى،
ئايلار بويى گۇرۇچ كورمەي زار بولاتتى.
چەكسىز مۇنبەت يەرلەر نېسىپ بولمىغاندى،
تۇزلەڭلەردىن بەگزادىلەر قوغلىغاندى.
چېپىپ تاشلاپ، كويدۇرۇشۇپ تاللىقلارنى،
بەرپا قىلغان سۇلۇق ئېتىز شاللىقلارنى.
كېچە - كۈندۈز پېشانىدىن تەر ئاقاتتى،
شۇندىمۇ ھەم ئاران - ئاران جان باقاتتى.
قوبۇ سۈيى توختىماستىن ئاقار سىلىق،
بوۋايلىرى قېيىق بىلەن تۇتار بېلىق.
يىگىتلىرى ئورمانلارغا كېتىشەتتى،
ئوق - يا بىلەن ئولجىلارغا يېتىشەتتى.
ئاياللىرى تاتلىق مىۋە تېرەر ئىدى،
ئەرلىرىگە تاماق قىلىپ بېرەر ئىدى.
كوكۇس، بانان، ئەپلىسىنلەر ئەجەپ تاتلىق،
ۋە ئاناناس، خورما، لېچى، بېتىل ئاتلىق،
تۈرلۈك - تۈمەن مىۋە - چىۋە تەييار ئىدى،
شىرىنلىگى تىللارنىمۇ يارار ئىدى.
قىزلىرىنىڭ چېكىسىدە كاككۇك گۈلى،

①



گەشتە تىكىپ تىنىماس ئىدى چىۋەر قولى.
ۋە بەزىدە شال يەنچىشىغا بېرەر ياردەم،
بىر دەم بىكار تۇرماس ئىدى ھەممە ئادەم.
بۇ يېزىدا بار بولسىمۇ سانسىز پالۋان،
بىر يىگىتلا "باتۇر" دېگەن ئاتاق ئالغان.
يېزا خەلقى ئۇنى "بىزنىڭ نىلا" دەيتتى،
ياش - قېرىسى چىن كۆڭۈلدىن ھورمەتلەيتتى.
ئەمگەكسۆيەر ئەۋلاتلاردىن ئىدى ئەسلى،
ئەمگەكسۆيەر ئەجداتلارنىڭ ئېسىل نەسلى.
تاغدا ئۆسكەن قارىغايلاردەك ئۇنىڭ بەستى،
قارىغايلارمۇ گەۋدىسىدەك زور ئەمەستى.
چەكسىز قۇۋۋەت بېغىشلىغان گۈزەل ياشلىق،
ئورمانلاردا يىگىتلەرگە بولۇپ باشلىق،
غەيرىتىگە يەنە غەيرەت قېتىلاتتى،
يولۋاسقىمۇ باتۇرلارچە ئېتىلاتتى.
شاللىقلاردا كۈن پاتقىچە تىنىم ئالماي،
زىرائەتكە ئىشلەشنىلا بىلىپ قالماي،
ئۆگەنگەنتى چەبدەس تۇرۇپ جەڭ قىلىشنى،
دۈشمەنلەرنى توپراق بىلەن تەڭ قىلىشنى.
ئاتقا مىنسە ئارقىسىدا چاڭ قالاتتى،
ئەڭ باھادىر چەۋەندازمۇ تاڭ قالاتتى.
سۇنەي چالسا ھېچكىم ئاڭا يېتەلمەيتتى،
تۇتى قۇشلار ئەتراپىدىن كېتەلمەيتتى.
خۇش خۇي ئىدى ئاناناستەك شىرىن تىلى،

ساددا ئىدى تىنىق سۇدەك تازا دىلى.
نۇر چىرايى زور بەستىگە يارىشاتتى،
گۈزەل قىزلار ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى.
يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىغى
ئاقكۆڭۈللۈك ئىدى ئۇنىڭ بار بايلىغى.
بىر نان تاپسا دوستلار بىلەن بۆلۈپ يەيتتى،
بوۋايلارغا ئىززەت بىلەن "سالام" دەيتتى.
ئۇ ھەممىگە ئۆز ئوغلىدەك ياراپ كەتكەن،
شان - شۆھرىتى يىراقلارغا تاراپ كەتكەن.
ياشار ئىدى يىنو دىگەن چىرايلىغى،
تەسۋىرلەشكە يېتىشمەيدۇ سۆز بايلىغى.
قۇياش دىسەم يۈزلىرىدىن قۇياش خىجىل،
شەلا كۆزى چولپانلارغا ئىدى ئىجىل.
كۈلسە ئىللىق زىناقلىرى ئوت ئالاتتى،
سۈزۈك لېۋى ھۈسەيىنىدەك تاۋلىناتتى.
شۇ ياراشما بۇرنى بىرئاز پۈچۈق ئىدى،
گۈل چىرايى كېچە - كۈندۈز ئۇچۇق ئىدى.
زىلۋا بويى گۈزەل ئىدى، خۇش تەبىئەت،
بىر كەمبەغەل ئائىلىدە ئۆسكەن پەقەت.
ئېغىر ئەمگەك، مۇشەققەتتىن يانمايدىغان،
ئېتىزلاردا ئىشلەپ زادى قانمايدىغان،
ئۆيدە قالسا يىپەك كەشتە توقۇيدىغان،
ناخشىلارنى جاراڭلىتىپ ئوقۇيدىغان،
بىر قىز ئىدى گۈزەللەرگە ئىسىل ئۈلگە،



ئەقىللىقى، چىۋەرلىكى تاراپ ئەلگە،
كېلىشەتتى يىراقلاردىن ئەلچىلىككە،
قارىماستىن تاغ يامغۇرى - ھولچىلىككە.
لېكىن، يىنو نىلا بىلەن كۆيۈشەتتى،
بىر - بىرىنى چىن يۈرەكتىن سۆيۈشەتتى.
مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى تەگسىز دەريا،
قەلبلەرگە سىغار ئىدى كەڭرى دۇنيا.
بىر سۆيگۈكى: شۇنچە ئۇلۇغ، شۇنچە چەكسىز،
ئىگىزلىكتە تىنىك قىيالار قالار شەكسىز.
ھەر كۈن ئۇلار بىللە ئىشلەپ يۈرۈشەتتى،
دەريا بويى - ئورمانلاردا كۆرۈشەتتى.
ھەر كۈنلۈگى تاڭ جىلۋىسى يۈز ئاچقاندا،
ئالتۇن قۇياش تارام - تارام نۇر چاچقاندا،
بەزەن كەچتە قاراڭغۇلۇق باسقاندىمۇ،
ئاسمان يۈزى تۇمان پەردە ئاسقاندىمۇ،
بەزەن يامغۇر توختىماستىن ياققاندىمۇ،
تاغ سەللىرى كۆپۈكلىنىپ ئاققاندىمۇ،
بەزەن تەيفېڭ دېڭىزلاردىن سوققاندىمۇ،
كۈچلۈك بوران نەپەسلىرىنى بوققاندىمۇ،
دەريا بويى، ئورمانلاردا كۆرۈشەتتى،
شاتلىق بىلەن ناخشا ئېيتىپ يۈرۈشەتتى.
نىلا تاغدىن رەڭمۇ - رەڭ گۈل تېرەر ئىدى،
كۆرۈشكەندە يىنو قىزغا بېرەر ئىدى.
يىنو قىزمۇ يىگىتىگە بولۇپ يۆلەك،

ئورمانلاردا كېيگۈزەتتى گۈلچەمبەرەك.
يىگىت - قىزلار ئىشلەپ - ئىشلەپ هارسىمۇ هەم،
ئېغىر ئىشتا پۇت - قوللىرى تالسىمۇ هەم،
كېچىلەردە ناخشىلىرى ياڭرايدىغان،
ئەر - ئاياللار زوقلىنىشىپ ئاڭلايدىغان.
غۇۋا كوكتە نۇر ياغدۇرۇپ ئۈزگەندە ئاي،
توپ - توپ بولغان ياشلار بىلەن تولاتتى ساي.
شۇنداق گۈزەل كېچىلەرنىڭ جىمجىت تۈنى،
قىز - يىگىتنىڭ كېلەر ئىدى مەيىن ئۈنى:

نىلا:

ياشلىق يىللار ئوتەر ئىكەن، كۆتمەيدىكەن،
يۈرەك ئىشقى كويۇپ - كويۇپ پۈتمەيدىكەن.

يىنو:

كەمبەغەلمىز بىزەر كۈن توق ئوتمەيدىغان،
بايلىغىمىز — ئىشقىمىز بار پۈتمەيدىغان.

نىلا:

سۆيۈملۈكۈم، هور جامالىڭ ئېتەر شەيدا،
چۈشۈمدىمۇ گۈل قامىتىڭ بولار پەيدا.

يىنو:

يولىڭىزدا جېنىم پىدا بولسا مەيلى،
كۆيلىشەيلۇق دوستلار بىلەن ئېيتىپ سەيلى.

ياشلار:

ئېقىپ - ئېقىپ توگىمەيدۇ قۇبۇ سۈيى،
قاچان بولار نىلا بىلەن يىنو تويى؟



نىلا - يىنو:

شەرقىي جەنۇپ مۇسسۇنلىرى ئوتۇشكەندە،
ئورمانلاردا خورما پىشىپ يېتىشكەندە.

## ئىككىنچى باپ

گۈاڭشىنىڭ پادىشاسى چىققى ئوۋغا،
قولدا ئوق - يا، مىنگەن ئېتى جىرەن يورغا.
ئۇنى ۋەزىر، نەۋكەرلىرى ئوراپ ماڭدى،
سىپاهلىرى خەۋپ - خەتەردىن توراپ ماڭدى.
بىر كۈيلىگەن ئورمانلىققا يەتكەن كۈنى،
بامبۇكلۇقتىن ئاڭلاناتتى ناخشا ئۈنى.
باتۇر نىلا ئوينىاتتى پالتىسىنى،
تىزار يىنو ئوتۇنلارنىڭ ياخشىسىنى.
ئۈنى كورگەن پادىشاهىم قاراپ قالدى،
يىنو ئاڭا بىردەمدىلا ياراپ قالدى.
چىدالمىدى يېنىپ - يېنىپ كوز تاشلىدى،
ۋەزىرلەرنى كۈزەتتى - دە، سوز باشلىدى:
— ئەي، چىرايلىق، سېنى شاهىڭ كورۇپ قالدى،
تولۇن ئايدەك جامالىڭغا كويۇپ قالدى.
تەككىن ماڭا ئوز شەهرىمگە ئېلىپ كېتەي،
تاۋار - دۇردۇن ئالتۇنلارغا كومۇۋېتەي.
كاككۇك گۈلدەك ئېچىلغۇسى بەختىڭ سېنىڭ،
پادىشانىڭ سارايلىرى تەختىڭ سېنىڭ.

غەزەپ بىلەن تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن قىز،
ئالغا ئۆتتى كوكرەك كېرىپ نىلامۇ تېز.

يىنو:

ئالتۇنلىرىڭ، سارايلىرىڭ كېرەك ئەمەس،
كەڭ يېزامدا ئەركىن بىلەن ياشايمەن، بەس.
ئۆزەمنىڭمۇ تاغ گەۋدىلىك سۆيگىنىم بار،
نىلا دىگەن بىر ئۆمۈرگە كويگىنىم بار.
مۇھەببەتنى ھېچقاچان خار ئېتەلمەيسەن،
تىرىكمەنكى، مېنى ئېلىپ كېتەلمەيسەن.

نىلا:

پادىشا سەن، مۇھەببەتنى كورمە ئاسان،
سودا ئۈچۈن تۇغۇلمايدۇ تىرىك ئىنسان.
ئۆلۈم بىلەن قورقىتىشنى خالىساڭمۇ،
كىشەن سېلىپ ئارىلارغا پالىساڭمۇ —
بىر ئۆمۈرلۈك مۇھەببەتنى خارلاتمايمەن،
باش كەتسىمۇ سۆيگىنىمنى زارلاتمايمەن،
دىدى، شۇئان پالتىسىنى يالتىراتتى،
پادىشانىڭ يۈرىكىنى قالتىراتتى.
خەپ! — دىدى - دە، شاھ ئېتىنى بۇراپ كەتتى،
ئارقىسىدىن ۋەزىرلىرى ئۇراپ كەتتى.
بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندا يېزا ئەھلى،
پادىشانى لەنەتلىدى، تۆتتى قەھرى.
لېكىن قېرى بوۋايلىرى ئويلىشىشتى،
دانىشمەنلىك دەرياسىنى بويلىشىشتى.



چوڭ بالادىن دېرەك بېرەر ئالامەتلەر،
بېشىمىزغا چۈشمىسۇن چوڭ مالامەتلەر.
پادىشانىڭ مات بولۇشى ياخشى، بىراق —
قوشۇن تارتىپ كېلىشىمۇ ئەمەس يىراق.
نىلا بىلەن يىنو قىزغا ئوقۇپ پەتە،
توي ئىشىنى تۈگىتەيلى بۈگۈن - ئەتە.
تەشۋىشلەنگەن جامائەتلەر ماقۇل، دىدى،
ئاشىقلارغا بۇ مەسلىھەت ماقۇل ئىدى...
باشلاندى توي، كېچىكتۈرۈپ قويۇشمىدى،
جاپاكەش ئەل ئويناپ - كۈلۈپ تويۇشمىدى.
يىگىت - قىزلار قوللىرىغا شاخ ئېلىشتى،
يىنو قىزنى پىل ئۈستىگە مىندۈرۈشتى.
سازەندىلەر كاناي - سۇنەي چېلىپ ماڭدى،
كۈيوغۇلنىڭ كەپسىگە ئېلىپ ماڭدى.
لېكىن تاغلار گۈمبۈرلۈشۈپ يىقىلغاندەك،
كوك ئاسماندا گويا چاقماق چېقىلغاندەك،
قانلىق جەڭدە تېشىلگەندەك پولات قالقان،
گويا بىردىن ئېتىلغاندەك يېڭى ۋولقان،
قارا بۇلۇت بەختسىزلىك تۇشۇپ كەلدى،
توي ئىشىغا زەھەر - زوقۇم قوشۇپ كەلدى.
يېرىم يولغا يېتىشكەندە توي كارۋىنى،
ۋاقىرىشىپ، خوشال توپنىڭ ئەتراپىنى —
پادىشانىڭ لەشكەرلىرى ئورىۋالدى،
توي پىلىنى ماڭغۇزماستىن تورىۋالدى.

قوراللىق شاھ ئات ئۈستىدە ئىڭاڭلايتتى،
ئالتۇن ساپلىق قىلىچ قولدا پولاڭلايتتى،
كەلدى - دە، ئۇ يەنە قىزنى تارتىۋالدى،
(ئالدىغا قوي قوزىسىدەك ئارتىۋالدى).
نىلا ئاڭا ئېتىلغاندى غەزەپ بىلەن،
پادىشانىڭ جاللاتلىرى تۇتتى مەھكەم.
توقسەن ياشلىق بوۋاي چىقتى شاھ ئالدىغا.
(قىرىپ كەتكەن، رەھىمىڭ كېلەر ئەھۋالىغا).
چىقتى - دە، ئۇ بىردىن ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.
يىغا بىلەن سۆزلىرىنى باشلىۋەتتى:
— ئەي پادىشا، ئەرز - دادىم بايان ئېتەي،
قان يۈرەككە يىغىلغاننى ئايان ئېتەي.
بىر چاغلىرى ئۆزەڭ بىزنى يەكلىگەنتىڭ،
تۈزلەڭلەردە ئولتۇرۇشنى چەكلىگەنتىڭ.
ئورمانلارغا، جىرالارغا كوچۈپ كەتتۇق،
يىللار بويى بىر پارچە نان كورمەي ئوتتۇق.
مەزلۇم ئەلگە شۇ قىلغىنىڭ يەتمەسمىدى؟
بۇنىڭسىزمۇ كۆڭلىڭ خۇشال ئوتمەسمىدى؟
تويىنى بۇزماي قويۇپ بەرگىن قىزىمىزنى،
گورىستانغا ئايلاندۇرما يېزىمىزنى.
ئاھىمىزغا قۇلاق سالغىن زەھەرخەندە:
ئادەمگە خاس ۋىجدان، يۈرەك بارمۇ سەندە؟
— توختا! — دىدى، شاھ قەھىرلىك ۋاقىرىدى،
كوتىرىلىپ قىلىچ بىردىن پاقىرىدى.



ئەلۋىدا، ئەي ئەزىز قۇياش، يورۇق دۇنيا!!!
زۇلۇم بىلەن دەرت - ئەلەمگە تولۇق دۇنيا!!!
قىلىچ چۈشتى كوپنى كورگەن قېرى جانغا،
بوۋاي ئۆلدى ئانا يەرنى بوياپ قانغا.
شاھ غەزەپلىك قان تامدۇردى كوزلىرىدىن،
كىشەنلەنگەن نىلا ياققا باقتى بىردىن.
— ئولتۇرمەيمەن سېنى "باتۇر" قويۇپ بېرەي،
سېنىڭ ئۇچۈن كېلىننى مەن سۆيۈپ بېرەي.
ئېغىر جازا يوققۇ ساڭا بۇندىن يامان،
قاڭغىر - قاخشاپ سۆيگۈنۈڭنى ئەسلە ھامان.
كىم قويۇپتۇ ساڭا قىزغا ئۆيلىنىشنى،
پىل يېتىلەپ خۇشال - خورام توي قىلىشنى!
دىدى - دە، ئۇ زەھەر چېچىپ كۈلۈپ كەتتى،
ئاتنى بۇراپ ئوردىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

× ×

تاش ھوجرىدا يەنە يالغۇز ئولتۇراتتى،
شاھ ئۆيىنى كوز يېشىغا تولدۇراتتى.
گۈزەل يېزا كەتمەس ئىدى كوز ئالدىدىن،
ئوتكەن كۈنلەر ئوتەر بىر - بىر خىيالىدىن:
ئىككى ھەپتە نىلا سېنى كورگىنىم يوق،
بۇ ئالەمدە سەندىن بولەك سۆيگىنىم يوق.
ئاشىق ئىدۇق كىچىكلىكتىن بىللە ئوسكەن،

قانداق قىلاي ئارمىنىمغا ئۇندى تىكەن!
جۇدا قىلدى، سۇندۇرۇشتى قاناتىمنى،
سەندىن يىراق تۇگىتەرمەن ھاياتىمنى.
كەلسەڭ ئىدىڭ جامالىڭنى كورۇپ كەتسەم،
پەريات چېكىپ قۇچىقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم.
يەر - يۈزىدىن نۇرلىرىنى يىغدى قۇياش،
يۇلتۇزلارنىڭ كەينىدىن ئاي كوتەردى باش.
ئەنسىز كېچە يەنە ۋەھىمە ئېلىپ كەلدى،
قىز يېنىغا رەھىمسىز شاھ كىرىپ كەلدى:
— قانداق ئايىم، تۇگىگەندۇر قارا كۈنۈڭ،
شاھ بېشىغا ھەسرەت سالغان قارا تۈنۈڭ.
ئولتۇرغىنىڭ ئىسسىل ئويلەر، قارا ئەنە،
ئالتۇن مۇنار سالغۇسىدۇر شاھىڭ يەنە.
كىيىملىرىڭ تاۋار - دۇردۇن قەۋەت - قەۋەت،
يەيدىغىنىڭ ھەر كۈنلۈگى نازۇ - نېمەت.
گۈزەللىككە تولغان ھەرەم قولۇڭدىدۇر،
كېنىزەكلەر قول قوشتۇرۇپ يولۇڭدىدۇر.
نېمە پايدا ئۇ گادايىنى ئەسلىگەندىن،
كوڭۇل بەرمەي پادىشانى قەستلىگەندىن.
ھوزۇرۇڭغا كەلدىم يەنە سەۋرى قىلماي،
بۈگۈنمۇ ھەم ھەيدىمىگىن كوزگە ئىلماي.
يىنە:
ھەي پادىشا، راست سوزۇمنى ئېيتتىم ساڭا،
رەھىم ئەيلە بىر ھەپتىچە كەلمە ماڭا.



ئەگەر كونمەي ۋەھشىلەرچە تۇتساڭ مېنى،
بىر مىنۇتتا سادا بېرەر خەنجەر ئۇنى.
تاغدا ئۆستۈم، تاغ خەنجىرى دوستۇم مېنىڭ،
قارا كوڭلۈڭ جەسەت بىلەن قالار سېنىڭ!
تومۇر ئىشىك غەزەپ بىلەن يېپىلدى تېز،
تۇرۇپ قالدى شاھ ھويلىدا ئىلاجسىز.
توختا، دىدى، بىر شۇم نىيەت كەلدى چاپسان
قىز كوڭلىنى ئوۋلىغىلى چارە تاپسام،
بولار ئىدى ھەرەم جەننەت، ئالەم گۈزەل،
كېلىنچەكمۇ غەم - قايغۇسىز ئېيتار غەزەل.
تەرك ئېتىپ تاغ قىزنىڭ شۇم ئىشقىنى،
ئۇزۇۋېتەي نالا بىلەن دىل رىشتىنى.
ئەتىسىلا نالانىمۇ باغلاپ كەلدى،
يېزىمداشلار يۈرىگىنى داغلاپ كەلدى.
لەشكەرلىرى تەنتەنىلىك ئوق ئېتىشتى،
نالا ئۈچۈن يوغان ساندۇق ياسىتىشتى.
جاللاتلارغا شاھ دەھشەتلىك ئەتتى پەرمان،
يىنە قىزنىڭ ھۇشى كەتتى، پۈتتى دەرمان.
سازايى قىپ يىغىلغان كوپ ئەل ئالدىدا،
ياش يىگىتنى ھاياتىدىن قىلىپ ئادا،
تىرىك پېتى ساندۇققىلا ياتقۇزۇشتى،
شىجاجىياڭ دەرياسىغا ئاققۇزۇشتى.
بولۇت ئورلەپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى،
ياغاچ ساندۇق ئۇزاقلارغا ئېقىپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باپ

جىنساجياڭغا شولىسىنى توككەندە ئاي،
قىرغاقلاردا يۈرەر ئىدى تەنها بوۋاي.
تاشقىن دەريا كۆپۈكلىنىپ تىزلۈپ ئاقار،
نۇرانى چال دولقۇنلارغا غەمكىن باقار.
ئۇنىڭ پۈشتى بولمىش باتۇر، ئەزىز ئوغلان،
يىراق شىمال چېگرىسىدا بولغان قۇربان.
بۇ شۇم خەۋەر ئۇنى تامام گاڭگىراتقان،
دەردىگە دەرت، ئەلىمىگە ئەلەم قاتقان.
ئاڭلىماسقا قارا چۈشلەر شەپىسىنى،
كېچىلەردە تاشلاپ غەمكىن كەپىسىنى،
ئۆزى تەنها قىرغاقلارنى بويلار ئىدى،
ئولۇپ كەتكەن ئوغلىنىلا ئويلار ئىدى.
شاقىرايتتى قېرى دەريا دولقۇنلىرى،
چېپىشقاندەك گويا پەلەك دۈلدۈللىرى.
بۇ دولقۇنلار غەزنۇگە يېتەلمەيتتى،
سالقىن كېچە ئۇنى خوشال ئېتەلمەيتتى.
چېگرىغا باي - ئەمەلدار بارمايدىغۇ،
ياۋنىڭ ئوقى كۆكرىگىنى يارمايدىغۇ؟
نامراتنىلا ئىزلەپ تېپىپ كېلەر ئەلەم،
گۇمران بولۇپ كەتسەڭچۇ، ھەي، تەڭسىز ئالەم!
ياغاچ ساندۇق دەريا بىلەن ئېقىپ كەلدى،



بوۋاي تۇرغان ئىگىزلىككە يېقىن كەلدى.
يېقىن كەلدى، خادا تاشلار توسۇۋالدى،
دولقۇنلارنىڭ قايىنىمىدىن ئورۇن ئالدى.
دەريا سۈيى زەنجىرسىمان يوگۆلەتتى،
ياغاچ ساندۇق چىقىپ كەتمەي چوگۆلەتتى.
ئۇنى بىردىن كوردى، بوۋاي ھەيران قالدى،
بىلىقچىلىق قېيىغىنى يېشىۋالدى.
ياشلىقىدا چېلىشقاندەك ئېيىق بىلەن،
دولقۇنلارنى يېرىپ ئوتتى قېيىق بىلەن.
ئېلىپ چىقتى ئۇنى مىڭبىر جاپا تارتىپ،
كوڭلىدە بىر ياخشىلىققا ۋاپا تارتىپ.
چوڭ ساندۇقنى تاشلار بىلەن ئەتتى پاچاق،
سامان رەڭلىك خەستە جاننى كوردى شۇ چاق.
بىر قورقۇنۇچ قېرى چالنى ئەسىر ئەتتى،
بۇ كارامەت تاڭ قالغۇدەك تەسىر ئەتتى.
ياش يىگىتنىڭ تىرىكلىگى بولدى ئايان،
باشتىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىنى ئەتتى بايان.
بوۋاي ئۇنى كەپىسىگە ئېلىپ كەلدى،
جىنساجياڭدىن يېڭى ئوغۇل تېپىپ كەلدى.
شۇندىن بېرى ياخشى - يامان كۈنلەر ئوتتى،
ئاي بالقىغان، بۇلۇت باسقان تۈنلەر ئوتتى.
بىزنىڭ نىلا سادىق ئوغۇل بولۇپ قالدى،
ئاستا - ئاستا كۆچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ قالدى.
بوۋاي بىلەن جىنساجياڭدىن ئوۋلاپ بېلىق،

خاقان بىلەن دارىنلارغا تولەپ سېلىق،
بىر بىرىگە مېھىر قويۇپ بولدى ئىناق،
كۈن، ھەپتىلەر مېھنەت بىلەن ئۆتتى قوۋناق.
نەچچە يىللار غېرىپسىنغان كەپە ئالدى،
كېچىلەردە سوھبەت كانى بولۇپ قالدى.
يالقۇنلىنىپ گۈلخان نۇرى چېچىلغاندا،
بوۋاينىڭ دىل قۇلۇپلىرى ئېچىلغاندا،
سوزلىنەتتى تاڭ ئاتقىچە ھىكايەتلەر،
تۈگىمەستىن ئەجەپ قىزىق رىۋايەتلەر.
لېكىن بوۋاي ئۈنى خوشال ئېتەلمەدى،
ھىجران قۇشى يىگىتتىن ھىچ كېتەلمەدى.
ئەسكە چۈشسە گۈزەل يىنو — سۆيگەن يارى،
ئىختىيارسىز چىڭغىلدايتتى يۈرەك تارى.
ئايغا قاراپ قىرغاقلاردا دەسلىگەندە،
ناخشا ئېيتار يىنوسىنى ئەسلىگەندە:

جۇدالىقتا كۈنلەر ئۆتتى،
يىنو، سېنى كورەلمىدىم.
دوستلار بىلەن ناخشا ئېيتىپ،
ئورمانلاردا يۈرەلمىدىم.

كوكنى يارار لاچىن بولۇپ،
دەرىزەڭگە ئۇچۇپ بارسام.



ساڭا بەخت، دۈشمىنىڭگە
قانلىق ئەجەل قۇچۇپ بارسام.

ئەركىن ئۆسكەن گۈزەل يېزام،
ھاياتىمدا مادارىم شۇ.
يە كورىمەن، يە ئولىمەن،
قايتمايدىغان قارارىم شۇ.

ناخشىسىنى ئۇچقۇر شامال ئېلىپ كەتتى،
يۈرەك زارى يىنو قىزغا بېرىپ يەتتى.
يىنو قىزنىڭ يۈرەك باغرى بولۇپ زىدە،
غەمكىن قاراپ ئولتۇراتتى دەرىزىدە.
رەھىمسىز شاھ ھوكۈم قىلىپ ئاڭا قاماق،
ئايلار بويى تويغۇدەكمۇ بەرمەي تاماق،
تومۇر ئويدە توت تامغىلا ئەتتى بەندە،
قۇلۇپ سالدى ئىشىكلەرگە زەھەرخەندە.
بىچارە قىز پەنجىرىدىن باقار تىنماي،
كوزلەرىدىن مونچاق يېشى ئاقار تىنماي.
ھالسىز لېۋى توختىماستىن "نىلا" دەيتتى،
كوك ئاسماننىڭ بىر بۇرجىگى كورۈنەتتى.
قۇياشمۇ ھەم يوقلاپ قويار ئاندا-ساندا،
شامال ئېلىپ كەلگەن ناخشا ئاڭلانغاندا،
ھالسىز قىزغا يېڭىۋاشتىن كىردى دەرمان،
ۋۇجۇدىنى تىترەتتى بىر ھاياجان.

ئۆچەي دېگەن ئۈمىت شامى ياندى تولۇق،
دىل زارىنى ناخشا قىلىپ ئېيتتى مۇڭلۇق:

ياشلىقىمنىڭ گۈلتاجىسى —
سۆيۈملۈكۈم، سىز قەيەردە؟
ئېقىپ پۈتتى كۆزۈم يېشى،
كۆيۈملۈكۈم، سىز قەيەردە؟

مەھرۇم بولۇپ ئەركىنلىكتىن،
ئېزىلمەكتە يۈرەك باغرىم.
بۇ تۈگىمەس ئازابلاردىن
قۇتۇلدۇرۇڭ مېنى، يارىم.

ناخشىسىنى ئۇچقۇر شامال ئېلىپ كەتتى،
يۈرەك زارى نىلاغىمۇ بېرىپ يەتتى.
ئاڭلاپ يىگىت ئۆز-ئۆزىنى تۇتالمىدى،
ئۈنچىسىزمۇ ئاران-ئاران تۇرغان ئىدى.
ئەزىز چالنىڭ پۇتلىرىغا قويدى-دە باش،
سوز باشلىدى كوزلىرىدىن تامچىلاپ ياش:
— كەچۈر مېنى، قۇتۇلدۇرۇپ ھايات بەرگەن،
كەچۈر مېنى، پانا بولۇپ قانات بەرگەن.
ساڭا مەڭگۈ ئوغۇل بولۇپ قالالمىدىم.
سادىق بولۇپ ساپ كوڭلۈڭنى ئالالمىدىم.
قارار ئەيلەپ يار قېشىغا كېتەر بولدۇم،



شاھ كوكسىنى پارە-پارە ئېتەر بولدۇم.
ھەسرەت بىلەن ئەسلەنمىسۇن مېنىڭ نامىم،
دۈشمىنىمنى يەكسان قىلسۇن ئىنتىقامىم.
رەھمەت ساڭا! تاغلىق دېمەي، ئوغلۇم دېگەن،
ئاتا بولۇپ تاپقىنىنى بولۇپ يېگەن!
رۇخسەت بەرگىن جېنىم ئاتا، رازى بولغىن،
ئاتلىناي مەن سەپەر ئۇزاق، مۇشكۇل يولۇم...
ھەسرەت بىلەن تولغان ئىدى چالنىڭ دىلى،
بىرئاز تۇرۇپ، ئاران سوزگە كەلدى تىلى:
— جېنىم ئوغلۇم، مۇشكۇل ئىشقا بەل باغلاپسەن،
تاغ-جەزىرە، دەريالارنى سەل چاغلاپسەن.
تەڭ كەلگىلى بولاتتىمۇ پادىشاغا،
ئەل قېنىنى دەريا قىلغان ئەجدىھاغا؟!
كىم تارتمىدى پادىشانىڭ زورلۇقىنى،
يىللار بويى ئەلگە قىلغان خورلۇقىنى.
قانچە مەزلۇم ھەرەمدە ۋاپات ئەتتى،
قانچە نامرات سۈرگۈنلەردە ئۆلۈپ كەتتى.
رازى ئوغلۇم... سېنى خۇدا بەرمەپتىكەن،
كونىلارمۇ "يىگىت سوزدىن قايتماس" دېگەن.
ئوز ئوغلىنىڭ ئوق-ياسىنى قىلىپ سوغا،
دېدى بوۋاي: خەير ئوغلۇم، چۈشكىن يولغا!
غەزەپ بىلەن ئەلەملەرگە بولۇپ يولداش،
باتۇر نىلا ئۇزاقلارغا ئېپ كەتتى باش.

## توتىنچى باپ

يۇرەكلەردە يالقۇنلىغان قەھىرلىك ئوچ،
يىگىتلەرگە بېغىشلايدۇ يېڭىلمەس كۈچ.
مۇشەققەتلىك سەپەر باستى باتۇرنىلا،
توسالمىدى ئۇنى قىيا-ئېگىز تاغلار.
جاننى تىكىپ ياماشتى ئۇ يىلتىزلارغا،
كېچىلەردە ھەمرا بولۇپ يۇلتۇزلارغا.
كوز يەتكۈسىز ئوتلاقلارنى ئوتتى بېسىپ،
نى دەھشەتلىك ئۆڭكۈرلەرنى پانا ئېتىپ.
تۈگىمەستىن سوزۇلاتتى جەزىرىلەر،
لېكىن نىلا يېتىپ-قوپۇپ مېڭىپ كېلەر.
شاقىرىتىپ قۇيغاندىمۇ تاغ يامغۇرى،
بورانلاردا پۈتكەندىمۇ كوزنىڭ نۇرى،
بوپ كەتسىمۇ پۈتلىرى قان، رەڭگى سامان،
سوققىلارغا بەرداش بېرىپ كېلەر ھامان.
ئوز يۇرتىغا يېقىنلاشتى بارغانسېرى،
كورۇنمەكتە ئويناپ كۈلۈپ ئوسكەن يېرى.
مەزلۇم خەلق خەيرىخاھلىق قىلىپ ھەردەم،
تونۇمىغان يۇرتلاردىمۇ بەردى ياردەم.
ئېرىنمەستىن يول كورسەتتى ئاداشقاندا،
مۇشەققەتلىك سەپەردىن سوز ئاچقاندا.
قانچىلارنىڭ كوزلىرىنى قاپلىدى ياش،



ئەگرى-بۈگرى جىلغىلاردا بولدى يولداش.
گۈزەل جىمجىت كېچىلەرنىڭ بىرى ئىدى،
نىلا شاھنىڭ سارىيىغا يېتىپ باردى.
يىنو قىزنىڭ يۈرەك-باغرى بولۇپ زىدە،
غەمكىن قاراپ ئولتۇراتتى دەرىزىدە.
ھۇشسىزلاندى كورۇپ يىنو ھەرىيىنى،
پاچاقلىدى نىلا تومۇر پەنجىرىنى.
ئويگە كىرىپ يىنو قىزغا سۇ سەپتى تېز،
نەپەس ئېلىپ ھالسىزغىنا كوز ئاچتى قىز.
قەدىردانلار بىر بىرىگە ئېتىلىشتى،
جەۋىر تارتقان جانلار-جانغا قېتىلىشتى.
— ئۇزاق ئىزلەپ تاپتىم سېنى ئەي قەدىردان،
رۇخسەت ئەتكىن بۇ دىياردا توكمەن قان.
پاك سۈيگۈنى كىشەنلەشكە بارمۇ ئاساس؟
قەيەردە ئۇ خەنجەر بىلەن ئالاي قىساس.
— توختاڭ، نىلا، خەۋپ-خەتەر كۈتەر بىزنى
لەشكەرلىرى تىنچ قويامدۇ يەنە سىزنى.
ئەڭ ياخشىسى بىلىندۇرمەي قاچايلۇق تېز،
ئۇزاق-ئۇزاق ئورمانلارغا كېتەيلۇق بىز.
بۇ مەسلىھەت نىلانىمۇ ماقۇل ئەتتى،
قاچتى ئۇلار، تۈن قويىنىدا ئۇزاپ كەتتى.
تىلەكداش ئاي بولۇتلارغا موكتى پۈتۈن،
بارغانسېرى قويۇقلاشتى قاراڭغۇ تۈن.
تېپىشقانلار جىرالاردىن ئوتۇپ كەلدى،

تاڭغا يېقىن قوۋۇقمۇ يېتىپ كەلدى.
بارار ئىدى يېزىسىغا چۈشەر تاغدا،
خەنجەرسىمان بىر قىياغا كەلگەن چاغدا،
قارا مەخمەل پەردىسىنى يىغدى-دە تۈن،
ئالتۇن چىراي جامالىنى كۆرسەتتى كۈن.
ئەنسىرىشىپ ئارقىسىغا باقتى ئۇلار،
تويۇقسىزلا ئوق-ياسىنى ئالدى نىلا.
قىلىچ بىلەن قوراللانغان مىڭلاپ لەشكەر
ۋاقىرىشىپ تۆت تەرەپتىن ئوراپ كېلەر.
ئەڭ ئالدىدا يول باشلىغان جادىگەر شاھ،
ساۋۇت بىلەن قالقىنىدىن تاپقان پاناھ.
كۆزلىرىدە قىساس نۇرى پاقىرايتتى،
ئەلەم بىلەن چۇقان سېلىپ ۋاقىرايتتى.
يىنە قىزنى چۆلغىۋالدى دەھشەت سېزىم،
ئەجەل يېقىن... ئەمدى قانداق قىلىش لازىم؟
ئارقىدا بار توسۇۋالار يۈكسەك قىيا،
ھەممە ئىشنى ھەل قىلاتتى پەقەت ئوق-يا.
لېكىن نىلا ھەرگىز مەڭدەپ قالغىنى يوق،
پادىشاغا غەزەپ بىلەن ياغدۇردى ئوق.
نەچچە لەشكەر ئات ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشتى،
تەنتەنىلىك قاتار سەپلەر بۇزۇلۇشتى.
تەڭ كېلەلمەي لەشكەرلەرنىڭ ئۆڭى ئۆچتى،
پادىشامۇ ئات ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشتى!!!
شاھ يىقىلدى!!! باتۇر نىلا قىل تەنتەنە!



ھەي... لەشكەرلەر ۋاقىرىشىپ كەلدى يەنە.
ئىخ پالاكەت!! ئوق-يا ئوقى تۈگەپ قالدى،
چارىسىزلار دەھشەت بىلەن نەپەس ئالدى.
بىرەر چارە تېپىلسىدى-تاپسىدى تېز!!!
بىر-بىرىگە تىكىلىشتى ئۇلار سۆزسىز.
بىر قاراشتا چۈشىنىشتى دىللىرىنى،
چەكسىز غەزەپ باغلىغانتى تىللىرىنى.
تىرىك تۇرۇپ قولغا چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس،
ئەمدى ئۇلار ئۈمىت بىلەن ھايات دېمەس.
قول تۇتۇشۇپ تىك قىياغا چىقىپ ئالدى،
قوغلاپ كەلگەن قان ئىچەرلەر يېقىن قالدى.
ئەلۋىدا، ھەي ئەزىز قۇياش، يورۇق دۇنيا!!!
زۇلۇم بىلەن دەرت-ئەلەمگە تولۇق دۇنيا!!!
قۇچاقلىشىپ بىر-بىرىگە قېتىلىشتى،
تىك قىيادىن پەسكە قاراپ ئېتىلىشتى.

× ×

ئىككى ياشقا ئانا تۇپراق قۇچاق ئاچتى،
زىلۋا ياشلىق مانا شۇنداق ئاياقلاشتى.
قان يېپىلدى ئۇلار ئۇچۇپ چۈشكەن سايغا،
نەچچە ھەپتە ماتەم تۇنى بولدى ئايغا.
دەل-دەرەخلەر، ئۇچار قۇشلار تۇتتى ماتەم،
قۇياش ئەلگە كۆرۈنۈشتىن ۋازكەچتى ھەم.

# 青 山 碧 野

（诗 集）

（维吾尔文）

库尔班·巴拉提著

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路 306 号）

新疆新华书店发行　　新疆新华印刷厂印刷

787×1092 毫米 32 开本　6.875　印张1插页

1981 年 6 月第 1 版　　1981 年 6 月第 1 次印刷

印数：1——8,000

统一书号：M10098·523定价：0,39元


بار جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى،
بۇ ئېچىنىش دېڭىزىچە بېرىپ يەتتى.
تۇيۇقسىزلا تەيفېڭ چىقىپ دەھشەت سالدى،
تاغ - ۋادىلار يامغۇر بىلەن تولۇپ قالدى.
ساي ئۈستىگە سېرىق توپا ئۆرلەپ چىقتى،
تۇيۇقسىزلا بىر گۈزەل گۈل ئۈنۈپ چىقتى.
شېخى تىكەن يوپۇرمىقى يېشىل ئىدى،
گۈلى خۇددى قانغا ئوخشاش قىزىل ئىدى.
چاچار ئىدى راھەتبەخش خۇشبۇي پۇراق،
بۇ ئاجايىپ گۈلنىڭ داڭقى كەتتى يىراق.
خەلق ئۇنى قىزىلگۈل دەپ ئاتار بولدى،
ئەتىۋارلاپ كۆكرىگىگە تاقار بولدى.
ئالەم كېزەر شوخ شاماللار قۇچۇپ ئۇنى،
تارقىتىشتى ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ ئۇنى.
ئارمان گۈلى ئۈنۈپ چىقتى جاھان بويلاپ،
شۇندىن بېرى ھەر باھاردا كېلەر تويلاپ.
قىزىلگۈل دەپ ئەزىزلەيدۇ يورۇق ئالەم،
بەختلىكتۇر چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن ئادەم.

1960 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.



مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ

رەسىملىرىنى سىزغۇچى: ۋاڭ زىڭيۈەن




统 书号：M10098·523

定 价： 0.39元